
# يېڭى قاشتېشى

6

1991



بۇ يىل ۋىلايىتىمىزدە چاقىرىلغان 1988ـ، 1991ـ يىللىق مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش، ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر.

( راخمان ئوبۇل فوتوسى )

# يېڭى قاشتېشى

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

6
___
1991

(ئون ئۈچىنچى يىل نەشرى)

( ئومۇمىي 62 ـ سان )

خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

باش مۇھەررىر: مۇجىت باقى    مەسئۇل مۇھەررىر: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

# بوستاندا

چەت ئەلگە چىقىش نومۇرى: ISSN 1002 — 929X

## ھېكايىلەر


ئوغرى ........................ مەتقاسىم ئابدۇراخمان 1

ھەيران قىلىنىش ........................ ئىمىن راشىدىن 17

ئىككى ھېكايە ........................ ئەركىن مەتتۇرسۇن 21

مېۋىسىز گىيام ........................ تۇرسۇنجان مۇھەممەت 50

كۆچكەن يۇلتۇز ........................ ئۆمەرجان ئوبۇل 58

ئاھ، قىزىل ياقۇت ........................ تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن 77


## نەسرلەر


يېشىل مۇھەببەت ........................ دىلنۇر ئابلىز 38

ئىككى نەسر ........................ نۇرمۇھەممەت توختى 48


## شېئىرلار


ئۈچ شېئىر ........................ مەتتۇرسۇن ئەبەيدۇللا 25

شېئىرلار ........................ ئابدۇغېنى سېيىت 26

ئۈچ شېئىر ........................ ئوبۇلخەيرى ئىمىن 29

ئىككى شېئىر ........................ قەدىردىن قادىر 30

ئۈچ شېئىر ........................ ئابدۇرېھىم زۇنۇن 31

شېئىرلار ........................ ئەسقەر مۇھەممەتئىمىن 31

ئەمەتنىڭ تەرجىمىھالى ........................ ھەبىبۇللا زاكىر 34

شېئىرلار ........................ ئابدۇلئەھەت داۋۇت (شەھلائى) 53

ئىككى شېئىر ........................ غولامجان تۇرسۇنىياز 36

خىيالىمدا مەنىز شېئىر سىڭ ياتمان ........................ خاسىيەت ئىمىن 37

شېئىرلار ........................ ئۆمەرجان توختىروزى 61

ئىككى شېئىر ........................ غوجەخمەت ئاۋۇت 63

سۆيگۈ قەترىلىرى ........................ تۇرسۇنىياز ئابدۇللا 64

شېئىرلار ........................ مۇھەممەت كامال (خۇشخۇي) 68

ئۆمەرجان ئىسمايىل، ئابدۇخەبەر مەتسايىم، ئەنۋەر ئابلەت، ئابدۇللا سۇلايمان، ئابدۇقادىر مەتسىدىق، ئەركىن داۋۇت، ئابدۇخېلىل ئابىت دوخبۇر، ئوشۇر مامبەت (قىرغىز)، ئەركىن خوجايىم، مەخمەتجان تۇرۇپ، ئابدۇۋېلى قۇربان، دولقۇنجان چاپپار ........................


## ماقالە


چىن مۇھەببەت قەسىدىسى ........................ مەخمۇتجان ئىسلام 83


## كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىن


ھېكمەتلىك ھېكايىلەر ........................ ئابدۇلھېكىم مەخدۇم 95



# «ئوغرى»

(ھېكايە)

مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ئايقىزدا ئايدەك ھۆسنى جامالىدىن ئۆزگە يەنە تۇرمۇشتا سېزىلەرلىك چىدام-غەيرەت، ئۆزى توغرا دەپ مېڭىۋاتقان يولىدىن ھەر ئامال بىلەنمۇ توسقىلى بولمايدىغان غەيۇرلۇق، ئىززىتىنى ساقلاش ئۈچۈن ھاياتىنىمۇ بەدەل قىلىپ تۆلەشتىن ئايانمايدىغان كىشىلىك غۇرۇر، ھەمىشە ئىگىزرەكتىكى نەرسىنى ئېلىش ئۈچۈن قول سوزۇپ ياشايدىغان ئۈمىدۋارلىق بار. تولاراق ئەرلەرگىلا خاس بولغان بۇ سۈپەتلەر ئۇنىڭ پەرىدەك چېھرىدە ئاندا-ساندا ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان نازاكەت، ناتىۋانلىقىنى يوق قىلالمايدۇ. ئەكسىچە زەر بىلەن گۆھەر قوشۇلسا جۇلاسى تېخىمۇ پارلاق بولغانغا ئوخشاش ئۇنى تېخىمۇ لاتاپەتلىك، يېقىملىق قىلىۋېتىدۇ.

جەمئىيەتتىمۇ ھەر جەھەتتىن ئۆلچەمگە توشىدىغان قىزلار خېلى كۆپ، لېكىن باغئېرىقتەك بىر ياقا يۇرتتا ھېلىقى سۈپەتلەردىن باشقا يەنە ئالىي تەربىيە كۆرگەن، ئىپپەت-نومۇسلۇق قىزدىن مۇشۇ ئايقىزلا بار. ئۇ، خۇددى تۈمەنلىگەن يۇلتۇزلار ئارىسىدا ئۆزگىچە چاقناپ، پارلاپ تۇرغان چولپان يۇلتۇزدەك باغئېرىقلىقلارنىڭ كۆزىگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ھەممە ئۇنىڭ گۈزەل جامالىغا، يېنىك، يەڭگىل مېڭىشلىرىغا ھەۋەس بىلەن قارىشىدۇ. بۇ يەردىكى يېرىم مەدەنىي يىگىتلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇ «چوكچىل، ھېسسىز» قىزنىڭ نەزىرىگە چۈشمىگەنلىكىگە ئاچچىق قىلىشىدۇ، ھەتتا «بويى يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق» دېگەندەك كەينىدىن «ئەركەك زەدەك» دەپ ھاقارەت قىلىشىدىغانلىرىمۇ بار. ھەر نېمە دېگەن بىلەن ئىسمى-جىسمىغا لايىق بۇ ئايقىز يېزىدا ئۆز سۈرىتىنى نامايەن قىلىپ ۋىجدانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كەلگۈسى غايىسىنى، ھايات ئىستەكلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش يولىدا ئالدىرىماقتا.

ئۇ، بۈگۈن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىنى باغ پەرۋىشىگە مەسئۇل قىلغانلىق قارارىنى ئاڭلىغاندا قىلچە رەت قىلىش پوزىتسىيەسىدە بولمىدى. «مېنىڭ ئوقۇغان كەسپىم باشقا تۇرسا» دېگەن سۆزنىمۇ دېمىدى. يەنە پېشقەدەم يېزا باشلىقى ساپەمنىڭ؛

— سەندىن ئۈمىدىمىز چوڭ قىزىم، باغىبى-
رىقلىقلارنىڭ بەختى ئۈچۈن، قولى پۇل كۆ-
رۈش ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرگىن. زېھنىڭ
تۈزۈك، ئوغۇل بالىدەك چىداشلىق قىزسەن،
بۇ ئىشلار قولۇڭدىن كېلىدۇ. بەلكى ئاشۇ
جەننەتۇل رىزۋان ئىچىدىكى ئالما كۆچەت-
لىرىدەك ئايىنىپ، ئۆز بەخت - سائادىتىڭنى
شۇ يەردىن تاپارسەن، ساڭا ئۈتۈق تىلەي-
مىز، — دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغاندىمۇ چېھرى-
لىپپىدە قىزارغاندىن باشقا ھېچقانداق ئى-
پادە بىلدۈرمىدى. قىزنىڭ مىجەزىنى بىل-
گەن باشلىقلار ئۇنىڭدىن بۇ قارارغا قوشۇل-
غان ياكى قوشۇلمىغانلىقى توغرىسىدىكى
ئىپادىسىنى سوراپ ئولتۇرمايلا يىغىننى تۈ-
گەتتى. شۇنداق قىلىپ ئايىقىز
ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پون-
كىتىدىن كەلگەن ئەختەم ئاتلىق مۆرىمەس
يىگىت بىلەن باغىبىرىقتىكى ئىككى يۈز مولۇق
ئالمىلىق باغنىڭ پەرۋىشىنى ئۆز ئۈستىگە
ئالدى.

× ×

باغىبىرىق يېزىسى بىلەن ناھىيىلىك
پەن - تېخنىكا پونكىتى ئوتتۇرىسىدا باغ
پەرۋىشى توغرىسىدىكى ھۆددە دوگ‍ۋارى
ئۆتكەن يىلى ئۈچىنچى ئايدا تۈزۈلگەنىدى.
باغدا ئۈچ مىڭ تۈپكە يېقىن دۆلەتنۇر (گوگاڭ)،
سېرىق گېنېرال (خۇاڭ يۈەنشەي) قاتار-
لىق ئالىي سورتلۇق ئالمىلار، كورلىنىڭ
داڭ سەنلى قاتارلىق داڭلىق نەشپۈت سورت-
لىرى بار بولۇپ، ئەگەر مەھسۇلاتقا تو-
لۇق كېپىللىك قىلىنغىلى بولسا يېزا مۇشۇ
باغدىنلا يىلىغا بىر مىليون بەش يۈز مىڭ يۈەن
ساپ پۇل كىرىم قىلالايتتى. لېكىن يىللار-
دىن بېرى كۆچەتلەردە ئۈزەك قۇرت
(ئالما قۇرتى)، قىزىل ئۆمۈچۈك (يوپۇر-
ماق كانىسى) كېسەللىكى پەيدا بولۇپ،
مەھسۇلاتنىڭ ئېشىشىغا تەسىر يەتكۈزۈپلا
قالماستىن، بەلكى يىغىۋالغان مېۋىلەرگە
قۇرت چۈشۈپ ئالمىلارنى سېتىشقا، ئېكىس-
پورت قىلىشقا بولماي چوڭ زىيان كۆرۈ-
لۈپ كەلگەنىدى. نېمە قىلارغا ئامال تا-
پالماي يۈرگەن كۈنلەردە يېزىلىق ھۆكۈ-
مەت مەسئۇللىرى قوشنا ناھىيە ۋە يېزى-
لارنىڭ ئالما، نەشپۈت قاتارلىق باغۋەن-
چىلىك مەھسۇلاتلىرىنى كورلا، ئۈرۈمچى
قاتارلىق جايلارغا توشۇپ سېتىپ كۆپ پاي-
دا ئالغانلىقىنى ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن
ئۆز يېزىسىنىڭ ئوبوروت يوللىرىنى را-
ۋانلاشتۇرۇش تەدبىرلىرى قاتارىدا ئالدى
بىلەن ھېلىقى باغنىڭ پەرۋىشىنى كۈچەي-
تىپ، ئالما، نەشپۈت ئېكسپورتىنى جانلان-
دۇرۇشنى قارار قىلدى. ناھىيىلىك تېخنىكا
پونكىتى بىلەن تۈزۈلگەن دوگۋار دەل مۇ-
شۇ تەدبىرلەرنىڭ بىرسى ئىدى. دوگ‍ۋار
تۈزۈشتىن بۇرۇنقى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم
بولۇشىچە، ئالدىنقى يىلى مېۋىلەرنىڭ قۇرت
چۈشۈپ بۇزۇلۇش نىسبىتى قىرىق پىرسەنت-
كىچە يەتكەن. مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن
يېزىلىق ھۆكۈمەت تېخنىكا پونكىتىغا كې-
يىنكى يىللىقى مەھسۇلاتنىڭ ساپلىق دەرىجىسىنى
توقسان بەش پىرسەنتكە يەتكۈزۈپ بېرىش شەر-
تى ئاستىدا كۆچەتلەرگە دورا چېچىشتا كې-
تەرلىك ئەدىگەك كۈچى، سايمان قاتارلىق-
لارنى يەتكۈزۈپ بەرگەندىن سىرت ھەربىر
تۈپ كۆچەت ئۈچۈن بەش يۈەندىن جەمئىي
ئون سەككىز مىڭ يۈەن پۇلنى نەق تۆلىگەنىدى.
تېخنىكا پونكىتى پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغان-
دىن كېيىن ئۈچىنچى ئاي ئاخىرىدا ئەختەم
ئاتلىق بىر تېخنىك بالىنى بىر نەچچە قۇ-
تا ھاشارات يوقىتىش دورىسى، بىر دانە
دورا چېچىش ماشىنىسى قاتارلىق نەرسىلەر
بىلەن باغىبىرىققا ئەۋەتتى. بۇ قاپىقى

يامان كەمسۆز يىگىت شۇ قېتىم يېزىدىن قوشۇپ بەرگەن ئىككى كىشى بىلەن ئالما كۆچەتلىرىگە چېچەكلەشتىن بۇرۇن بىر قېتىم، كېيىن ئىككى قېتىمدەك ئومۇمىيۈزلۈك دورا چاچتى. شۇنىڭ بىلەن پەرۋىشنى ئاخىرلىشىپ مېۋىلەر پىشىشقا باشلىدى.

شۇ يىلى باغ پەرۋىشىدە قوللانغان بۇ تەدبىرلەر زور ئۈنۈم بېرىپ باغدىكى ئالما، نەشپۈتتىن ئالدىنقى يىلدىكىگە قارىغاندا قىرىق بەش مىڭ يۈەن ئارتۇق كىرىم قىلىندى. يېزىلىق ھۆكۈمەت بۇ نەتىجىدىن، ئۈنۈم كۆرسەتكەن بۇ تەجرىبىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. ۋىلايەتلىك گېزىت ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى باغمېرىق يېزىسىنىڭ بۇ نەتىجىلىرىنى كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا باستى ۋە خەۋەر قىلدى.

دەرۋەقە بۇ ئىشتا شەرەپ چوڭ، ئۈنۈم يۇقىرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ۋاقىت ئۆتكەنسېرى تەجرىبىلىك، قاغجالما يېزا باشلىقى سايىمنىڭ كۆڭلىدە خىرە-شىرە سايە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ ئىككى ئىشنى خىيالىدىن زادى نېرى قىلالمىدى: بىرى، باغقا دورا چېچىۋەرگەنسېرى بىر بۆلۈك ھاشاراتلار ئۆلگەن بولسىمۇ، يەنە بىر قىسمى باغدىن يايلىشىپ (قېچىپ) يىراقتىكى دېھقانلارنىڭ باغلىرىدا ھاشارات ئاپىتى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئەگەر بۇنىڭ ئالدىنى ئالمىغاندا خۇددى بىر تال ئالمىنى دەپ ئۇنىڭ تۈپىنى كەسكەندەك بىر ئىش بولاتتى. ئۇيەنە «تېخنىكا پونكىتىغۇ بىزدىن ئون سەككىز مىڭ يۈەننى نەق ساناپ ئالدى. لېكىن ئۆزلىرى ئۈچ قېتىم دورا چېچىشقا قانچىلىك پۇل خەجلىدىكىن؟ ئەۋەتكىنى ئاران بىر تېخنىك ۋە كىچىككىنە دورا چېچىش ماشىنىسى بىلەن ئۈچ-تۆت قۇتا دورا. شۇ چىقىمى ھەرقانچە چوڭ بولسا ئىككى-ئۈچ مىڭغا يېتەر، قالغان ئون ئىككى-ئون ئۈچ مىڭ يۈەن پەقەت تېخنىك ھەققى ئۈچۈن. يەنى ئالما، نەشپۈتكە چۈشكەن قانداق قۇرت؟ ئۇ قايسى دورىدا ئۆلىدۇ؟ دورىنى قانداق چاغدا، قانچىلىك چېچىش كېرەك، دېگەننى بىلگىنى ئۈچۈنلا ئۇلارغا قالىدۇ. ھەي، بىز شۇ دېگەنلىك تېخنىكىنى ئۆگىنەلمەيدىغان شۇنچە دۆتمىز ئادەملەرمۇ؟ دورا چېچىشقا ھەر يىلى ئون نەچچە مىڭ يۈەن بېرىۋەرگۈدەك يېزا شۇنچىلىك بايمۇ؟ كوللېكتىپ پۇل چىقىرىپ بېرەلىگىنى بىلەن دېھقانلار ئۆز باغلىرىغا دورا چېچىش ئۈچۈن نەدىن پۇل تاپىدۇ؟ چوقۇم بىزنىڭ ئۆز تېخنىكىمىز بولۇشى كېرەك» دېگەننى ئويلاپ قالغانىدى. بۇ قېتىم يىغىندا ئايغىزنى باغ پەرۋىشىگە بەلگىلىشىمۇ دەل تېخنىكا پونكىتىنىڭ ئاشۇ كۆزۈرىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن ئىدى.

× ×

باغمېرىقتىكى يۇرتقا مەشھۇر بۇ ئالمىلىق باغ يەكەن يولى دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمكى كارۋان يولىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەسلى ئورنى قومۇش، يانتاق، يۇلغۇنلار ئۆسىدىغان تېتىملىق ئىدى. كوممۇنا مەزگىلىدە پۈتۈن يېزا ئەمگەكچىلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، يەر ئېچىپ، يېرىمىگە باغ بىنا قىلىنغان. يەرلەر بىنا ملاشقاندىن كېيىن تەشكىل ئۇ يەرگە يىگىرمىگە يېقىن ئائىلىلىك كۆچۈرۈپ كوممۇنا ھۆكۈمىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق مەيدان تەسىس قىلىنغان. شۇڭا ھېلىمۇ دېھقانلار ئۇ يەرنى «مەيدان» دەپ ئاتايدۇ. ئىلگىرى بۇ باغدا جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆسىدىغان مېۋىلەرنىڭ ھەممە خىللىرى تېپىلاتتى. سەكسىنىنچى يىلدىن كېيىن يېزا ۋە باغدىكى مەسئۇللار ئىقتىسادىي ئۈنۈم قوغلىشىپ سورتلۇق ئالما، نەشپۈت ۋە ئاز ساندا قىزىل

ئۈزۈم كۆچەتلىرىنىلا تاللاپ يېتىشتۈرۈشنى نىشان قىلىپ ئىش كۆرگەنىدى. ھازىر باغنىڭ تازا ۋايىغا يەتكەن مەزگىلى بولۇپ، مېۋە پىشقان چاغلاردا ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى، مېۋىلەرنىڭ پەيزىنى سۈرۈش ئۈچۈن ناھىيە ۋە ۋىلايەتتىن كېلىدىغان مېھمانلار، ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ھەتتا ئۈرۈمچى ۋە مەركەزدىن كېلىدىغان مېھمانلارنىمۇ بۇ جەننەت كەبى باغقا پايە قەدىمى يېتىپ قالاتتى.

مارتنىڭ ھاۋا ئوچۇق، گۈزەل بىر ئەتىگىنى ئىدى. باغنىڭ ئەتراپىدىكى چىتلاقلاردا ئەمدىلا قىشلىق ئۇچەكتىن چىقىپ يېقىملىق سايراشلىرى بىلەن باھار شادلىقىنى ئىپادىلەۋاتقان ئاق قۇشقاچ بىلەن تومۇچۇقلار ئويان - بۇيان ئۇچۇشاتتى. باغنىڭ كىرىش ئىشىكى يېنىدىكى كۆل ئەتراپىدا خىيابانلىشىپ ئۆسكەن تېرەكلەردە باھارنىڭ تۇنجى ئەلچىسى — كاككۇك مۇڭلۇق سايرىماقتا. ئەتراپتىكى ئېتىزلاردا ياڭراۋاتقان دېھقانلارنىڭ ھوش - تاپ ئۈنى بىلەن ھېلىقى قۇشلارنىڭ سايراشلىرى قوشۇلۇپ ئاجايىپ بىر تەبىئەت سىمفونىيىسىنى ھاسىل قىلغان. كۆچەت نوتىلىرىدا پوس يېرىپ چىقىۋاتقان بىخلار، كۈنسېرى يۇمشاپ باھار پۇرىقى تارقىتىۋاتقان تۇپراقتىن باش چىقىرىۋاتقان كۆكتاتلار، قىرچۇنەكلەر ئارىسىدا ھاياتلىقنى نامايان قىلىپ مىدىرلاۋاتقان قۇرت - قوڭغۇزلار ۋە باشقا ھەممە ھاياتلىق ئىزنالىرى كىشىدە بىر خىل جۇشقۇنلۇق، ئارامبەخشلىك ھېس قىلدۇرىدۇ. بۈگۈن تەبىئەت ئەنە شۇنداق قايناق ۋە قىزغىن. بىراق بۇ جەننەت كەبى باغدا بىر دىيەتتە، بىر خىل ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ئىككى كىشىلا نەۋباھارنىڭ سېھرىي كۈچكە ئىگە تەسىرىنى ھېس قىلمىغاندەك ئۈن - تىنسىز ھالدا ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولماقتا. ئۇنىڭ بىرى ئەشۇ باشتىلا تەرىپى بولۇپ ئۆتكەن غۇنچىدەك گۈزەل، ئەقىل - ئىدراكلىق مەغرۇر ئايقىز. يەنە بىرسى، ناھىيىلىك تېخنىكا پونكىتىدىن كەلگەن گىدە چاچ، بۇغداي ئۆڭ، قوي كۆز، چىرايلىق كىيىنىپ يۈرۈيدىغان كەمسۆز يىگىت. ئۇنى ئايقىزنىڭ ھەر قانداق بالاغەتكە يەتكەن يىگىتنىمۇ كۆرگەن ھامان مەپتۇنلۇق بالاسىغا مۇپتىلا قىلىدىغان چىرايلىق ھۆسنى-جامالى دەماللىققىچە قىزىقتۇرالمىغىنىغا قارىغاندا ئۆزىنى توختىتىۋالغان يىگىت ئىكەنلىكىگە ھازىرچە جەزىم قىلىشقا بولىدۇ.

ماناشۇنداق ھاياتنىڭ نۆۋەر، جۇشقۇن چاغلىرىنى ياشاۋاتقان، بىر - بىرىدىن گۈزەل، ئالىي مەلۇماتلىق قىز-يىگىتنىڭ بىر - بىرىگە تەسىر ئۆتتۈشمەي بودناپ يۈرۈشلىرىگە تونۇگۈن كەچ بولار ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن كىچىككىنە دەتالاش سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن.

× ×

— بىر ھېسابتا بۇ بىر قارار ئىش، سىزگە مۇناسىپ ئەمەس. ماگاسۇ توشۇپ، ناسۇسنى بېسىپ بېرىدىغانغا ئىككى ئوغۇل بالا بولسىلا بولىدى، — دېگەنىدى ئەختەم تونۇگۈن، — «مېنى سىزگە ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى» دەپ ياتقىغا كەلگەن ئايقىزغا.

— بىلىسىگىز كېرەك، ھازىر سىز دېگەن ئوغۇل بالىلار ئەتىيازلىق تېرىلغۇ بىلەن تولىمۇ ئالدىراش، مەن بولسام ئىشسىز، مېنىڭغۇ ھاشارات، قۇرت-قوڭغۇزلار بىلەن جەڭلىشىپ يۈرۈيدىغانغا دەۋىتىممۇ يوق، لېكىن تەشكىل بۇيرىدى. ئاۋۋال ئىشلەپباقاي، ئون بەش-يىگىرمە مېتىر يەردىن سۇ توشۇپ، كىچىككىنە ناسۇسنى بېسىش

قولۇمدىن كەلمىسە كۆتەر كەشكىنى دەر-
سىز، ـ دېدى جاۋابەن ئايقىز تەئەددى بىلەن.
— خۇددى پارىكتا ئۆسكەن گۈلدەك
شۇنداق نازۇك تۇرسىڭىز، مېنىڭچە ئىككى
كۈن ئۆتمەي بۇ يەردىكى ئاپتاپ، توپا-
توزان دەستىدىن ئۆزىڭىزنى تونىماي قا-
لىسىز، شۇ چاغدا ئويلىماي قىلغان بۇ
گەپلىرىڭىزگىمۇ پۇشايمان يەيسىز ھە-
قىچان.

— كۆرەرمىز، سىز مېنى پارىكتىكى
گۈلگە ئوخشاتتىڭىز، ئەمما مەن تېخىچە
ئۆزۈمگە باھا بېرىپ باققىنىم يوق. لېكىن
تەققى-تۇرقۇم قانداق بولۇشىدىن قەتئىي-
نەزەر مەن ئۆزۈمنى باغبېرىقنىڭ توپ-
رىقىدا قىشمۇ-ياز كۆمۈلۈپ ياۋروزات-
سىيە① دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كۈز-
گى بۇغدايغا ئوخشىتىمەن. چۈنكى مەن
مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ، مۇشۇ جايدا ئۆس-
كەنمەن.

— ئېيتىماققا ئاسان.

— ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما ئۆزىگە
ئىشەنگەن ئادەمنىڭ ھەر بىر ئېيتقان سۆزى
ئۇنىڭ قەسىمىدۇر. قەسەمنىڭ شەرتى ۋاپا
ئەمەسمۇ. مەن قولۇمدىن كېلەلمەيدىغان
ئىشقا زورۇقمايمەن، بۇنى بىلىشىڭىز كېرەك.

— بوپتۇ تالاشمايلى، ئاچچىق ئۆرۈككە
قوڭ توشمىغاندەك سىزگىمۇ گەپ تېپىپ
بەرگىلى بولمىغىدەك، ئەمما بىر ئىشتا
كېلىشىۋالايلى.

— قايسى ئىشتا؟

— سىزگە مەلۇم، ھەر قانداق ئىشتا
بىرەر بەلگىلىمە، نىزامنامە بولىدۇ. قىلى-
دىغان ئىشنى شۇ بەلگىلىمە دائىرىسىدە
ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭ تېخنىكا
پونكىتىمىزنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا بەلگىلىمىسى،
مەخپىيەتلىكى بار، بولۇپمۇ يەن - تېخ-
نىكا مەخپىيەتلىكىنى چىڭ تۇتۇش بىزلەر-
نىڭ بۇرچىمىز، شۇڭا سىز بۇيرۇغانىلا
قىلىسىز، ئارتۇقچە سوئاللارنى سوراپ
يۈرمەيسىز، بولۇپمۇ تېخنىكىغا ئائىت
سوئاللارنى.

— يولداش ئەختەم، سىز ئالدى بىلەن
بۇ يەرگە مېھمان ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇنتۇ-
ماڭ، مېنىڭ تەشكىل تاپشۇرغان يەنە بىر
ۋەزىپەم سىزدەك ئېزىز مېھماننى كۈتۈش.
مېھمان دېگەن ئەدەبلىكرەك بولىدۇ، ھەر-
گىز ساھىبخانىغا تەلەپ قويۇپ ئولتۇرماي-
دۇ. بۇ ئۆرپ-ئادەتتىكى ئەقەللىي بىر ئۆل-
چەم. ئەمدى سىزدىن سوئال سوراش - سو-
رىماسلىققا كەلسەك، ھازىر ئۇچۇر دەۋرى،
سىر ساقلىماق تەس، ئەمما خاتىرجەم بو-
لۇڭ، مەن ئۆزۈمگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلار-
غا ئېغىزىمنى ئۇپرىتىپ يۈرۈيدىغانلاردىن
ئەمەس، قېنى ئىشنى قاچان باشلايمىز.

— ئالدىرىمايمىز، ئارىلاشتۇرۇپ چا-
چىدىغان بىر قوشۇمچە دورىنىمۇ ئەكەل-
مەپتىمەن، بولمىسا سىز باشقا ئىشلىرى-
ڭىز بولسا قىلغاچ تۇرامسىزيا؟

— ياق، بۇنىڭدىن مۇھىمراق ئىشلىرىم
بولسا بۇ يەرگە كەلمەستىم، ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە سىزدەك تاللاش ھوقۇقى مەندە يوق،-
ئەختەم ئىنىدىمىدى، ئايقىزنىڭ بۇ ئىشقا
مۇنداق كانىدەك چاپلىشىۋالغانلىقىدىن ئىك-
كى كۆڭۈل بولۇپ قالدى. بۇ قىزنى «كەپ-
سەن، مەيلى ئىشلەۋەر دېسەم چاچىدىغان
دورىدىن تارتىپ ھەممە ئىش ئۇنىڭ نە-
زەرىدىن ئۆتىدۇ. دورا بىلەن نىسبەتنى
بىلىۋالسا كېيىنچە بىزنىڭ ئۇلارغا كېرى-
كىمىز بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن پونكىت
ھەر يىلى باغبېرىقتىن كىرىم قىلىدىغان
پۇلدىنمۇ قۇرۇق قالىدۇ. تېخى باشقا

① ياۋروزاتسىيە سوغۇقتا چېنىقتۇرۇش.

يېزىلارمۇ بۇلارنى دورىشى مۇمكىن، ئۇنداقتا، پونكىتىمىزنىڭ كىرىمى تېخىمۇ ئازلايدۇ...» ئۇ ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمەي ئاخىر تېلېفوندا پونكىت باشلىقىغا ئەھۋالنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا كەتتى.

— ...

— ھە، ئاڭلىدىم، ئۇ نەدە ئوقۇغان قىزكەن؟

— يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىدە، مۇشۇ باغئېرىقلىق ئىكەن.

— ھوي، بەك چاتاقكەن ئۇكام، سىز دىققەت قىلىڭ، باشقا كىشىگە ئالماشتۇرۇپ بەرگىلى ئۇنىمىغان بولسا ئۇلارنىڭ قەستەن ئورۇنلاشتۇرغان ئاگېنتىكەن ئۇ. سىز دورىلارنى كۆرسەتمەڭ، تەكشۈرگەندىمۇ باشقا ئىشقا بۇيرۇۋېتىڭ.

— بەش ـ ئون كۈندە تۈگەيدىغان ئىشتا ھەر كۈنى ئۇنداق قىلىپ بولغىلى بولماس زەنجاڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەكىتلىنىۋاتسا، ئۇنچىلىك قىلىپ كەتمىسەكمۇ بولاتتى.

— ئەختەم، سىز ئىدارىنىڭ نىزامنامىلىرىنى ئۇنتۇمىغانسىز ـ ھە؟ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش مېنىڭلا پىكرىم ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئىدارىنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشكە سىزمۇ قارشى ئەمەس ئۇكام.

— شۇنداق، لېكىن زىرائەتلەرگە دورا چېچىش تېخنىكىسى مەخپىي تۇتىدىغان پەن-تېخنىكا تۈرى ئەمەس زەنجاڭ، مېنىڭچە ئۇلارغا دەپ بېرىش نىيىتىم يوق، پەقەت ئامالسىزلىقتىن سىزگە دوكلات قىلىۋاتىمەن.

— بىز ئىدارىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىمىز ئۇكا، دېگىنىمدەك قىلىڭ، ـ پونكىت باشلىقى تېلېفوننى قويۇۋەتتى. ئەختەم تېلېفوندا ئۇنىڭغا بىر نەچچە ئېغىز لىللا گەپ قىلالىغىنى بىلەن ئىش يۈزىدە ئۇنىڭ سىزىقىدىن چىقىشقا ھەددى ئەمەس ئىدى. شۇڭا مەخپىيەتلىكنى ساقلاش رامكىسى ئىچىدە ئىشلەش مەۋقەسىنى توغرىلىدى.

ئىش باشلىنىش ھارپىسىدىكى ئەھۋاللار ۋە ئەختەم بىلەن قىلىشقان گەپلەردىن بۇ خىزمەتنىڭ خېلىلا مۇرەككەپلىكىنى پەملىگەن ئايقىز ئۆز خاراكتېرىگە مۇناسىپ ھالدا بۇ ئىشقا ئانچە ـ مۇنچە قىزىقىپ قالدى. گەرچە ئۇ، سايىم دېگەندەك ئۆزى ئۆگەنمەكچى، ئىگىلىمەكچى بولغان بۇ ئىشنىڭ باغئېرىقلىقلارنىڭ بەختى، قولى پۇل كۆرۈش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى تېخى ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئايقىزدا كىچىك بالىنىڭ يوشۇرغان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلگۈسى كېلىپ، ئۆزىنى تۇتالماي قالغىنىدەك بىر خىل ھېسسىيات غالىب كېلىپ، ئەختەم سىر قىلىپ ساقلاۋاتقان نەرسىلەرنى بىلىش ئىستىكى تېخىمۇ ئاشتى. ئۇ مۇنداق ئويلايتتى: «ئارمان ئاتلىق دىلرەبا بىلەن ۋىسالغا يېتىش ئۈچۈن چوقۇم ئىرادە ئاتلىق تۇلپارغا مىنىپ، خىجالەت داۋىنىدىن ئېشىش كېرەك. بۇ مۆرىمەس پېتىر يىگىت ماڭا تىلىگەن نەرسەمنى بەرمىسە ئۆزۈم ئۇنىڭدىن تارتىپ ئالىمەن...»

ئايقىز ئۇرۇش مەزگىلىدە قىزلارنىڭ، ئاياللارنىڭ ئىنقىلاب مەنپەئەتى ئۈچۈن «سەتەڭ ھېلىسى» ئويناپ دۈشمەن باشلىقلىرىدىن مۇھىم سىياسىي ئاخباراتلارنى ئالغانلىقىنى كىنولاردا كۆرگەن، كىتابلاردا ئوقۇغان، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھازىر ئەختەمدىن سىر ئېلىش قانچىلىك ئىشتى.

يا مېنى ئايقىز ئۇنىڭغا كۆرۈنۈشتە باش ئېگىدۇ، غۇرۇرىنى «قايرىپ قويۇپ» سىلىق - يۇمشاق مۇئامىلە قىلىدۇ، تۇرمۇشىدىن ئوبدانراق خەۋەر ئالىدۇ، شۇ.

ئايقىز ئىشىنىدۇكى ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلەرنى ئەختەم ھامىنى بىر كۈنى تەخسىگە ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا سوۋغات تەرىقىسىدە ئەكىلىدۇ...

ئايقىز ئەتىدىن باشلاپ مۇشۇ ئويلىغىنى بويىچە ئىش كۆرمەكچى. كۆرۈنۈشتە پەرۋاسىز بولۇۋېلىپ ئەمەلىيەتتە ئەختەمنىڭ كۆڭۈل ئېتىزىغا ئازراق بولسىمۇ شەيدالىق ئۇرۇقى تېرىماقچى بولدى. بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ سۇيۇقلۇقىنى بىلدۈرمەيدۇ. بەلكى بۇ ھەممە قىزلاردا بولىدىغان كىشىلەرگە ئۆز، يېقىملىق كۆرۈنۈش ئىستىكى دائىرىسىدىكى ھېسسىياتتىنلا ئىبارەت، خالاس. چۈنكى، ئۇ بۇ ئىشنى ئۆز يېزىلىقلىرىغا بىر ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش ئۈچۈنلا قىلىۋاتىدۇ...

— ئايقىز، چېچىڭىز دورىغا چۆمۈلۈپ قالدى، — دېدى بىر تۈپ چوڭ ئالمىغا پۈركۈش ماشىنىسىدا دورا چېچىۋاتقان ئەختەم خېلىلا سىلىق، پەس ئاۋاز بىلەن، ئېرىق بويىدا داستىكى سۇغا دورا ئېلىشتۇرۇۋاتقان ئايقىزغا قاراپ.

— ئەككى كۈن ئىلگىرى مېنى بۇ يەردىن ھەيدىۋەتمەكچى بولسىڭىزۇ ئەمدى چېچىمغا كۆيۈنۈپ كەتكىنىڭىز نېمىسى، بۇ بەرىبىر چاچقۇ؟ — دېدى ئايقىز دورىدا ھۆللەنگەن چېچىنى پەشتىمىدا سىردۈيتىپ تۇرۇپ.

— ئۇنى سورىماڭ، مېنىڭمۇ ئامالىم يوق. ئەمما مەن قىزلار زاتىغا قوپاللىق قىلىشنى زادى راۋا كۆرمەيمەن. سىز نېمىشقا چېچىڭىزنى باشقا قىزلاردەك كېسىپ بۇدرە قىلدۇرمىدىڭىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چېچىڭىز تولىمۇ ئۇزۇنكەن.

— بۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشى، ھېيت كۈنلىرى تېخى قىرىق كوكۇل قىلىپ ئۆرۈۋالىمەن دەڭا.

— راست گەپنى قىلسام بۇ گۈزەل زۇلپىڭىز بەستىڭىزگە ئەجەب يارىشىدىكەن. باشقا قىزلار نېمىشقا چىرايلىق چېچىنى كېسىپ توباغا ئوخشىتىپ قويىدىغاندۇ؟

— سىز نېمىشقا ماڭا دىققەت قىلىپ قالدىڭىزكىن؟ بىلىشىڭىز كېرەك: ھەر كىمنىڭ گۈزەللىك سېزىمى، قارىشى ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر بەلكىم تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈنەي دەپ شۇنداق قىلغاندۇ. لېكىن كىشىلەرنىڭ گۈزەللىكنى باھالايدىغان ئۆلچىمى ئۆز قولىدا. ئەمما مەن گۈزەل كۆرۈنەي دەپ ئەمەس، ئۇيغۇر قىزى بولغىنىم ئۈچۈن چېچىمنى كەسمىدىم.

— توۋا، بۇ جاھاندا مۇشۇنداق دەيدىغان قىزدىنمۇ بىرەرسى تېپىلىدىكەن-دە،— دەۋەتتى ئەختەم ھەيران بولغان ھالدا. ئەختەمنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئايقىز جاراڭلىق كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن چىتلاققا يېقىن بېدىلىكتىكى تورغايلار ئۈركۈپ ئېگىز-پەس ئۇچۇپ يىراققا كېتىشتى.

—نېمانچە ھەيران بولىسىز، بۇ ئادەتتىكى بىر گەپقۇ ئەختەم. ئاتا - ئانامۇ مېنىڭ مۇشۇنداق يۇرۇشۇمنى تەلەپ قىلىدۇ. دادام تەقۋادار ئادەممۇ ئەمەس، لېكىن مەن ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىنى قۇلىقىمدا تۇتىمەن. ئۇ ماڭا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا مۇنداق بىر گەپنى قىلىپ بەرگەن ئىدى: «قىزىم، چېچىڭنى كۈندە يۇيۇپ، تاراپ پاكىز تۇت، ئۇ ئايال كىشىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك زىننىتى. شەرىئەتتە ئايال كىشى ئۆلۈمگە تەڭ گۇناھ قىلىپ، دارغا ئېسىشقا مەھكۇم بولسا، ئۇنىڭ

بەدىلىگە چېچىنى كېسىپلا بولدى قىلىدۇ، ھازىر بەزىلەر ئۆزلۈكىدىن كەسكىلى تۇردى. سەن چاچتىن مەھرۇم قېلىپ ئالتۇن - كۈمۈش، تاۋار - توقۇغا كۆمۈلۈپ كەتسەڭمۇ گۈزەللىكىڭ، لاتاپىتىڭ ئەسلىگە كەلمەيدۇ.» مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ توغرىلىقىنى كۈندىن-كۈنگە ھېس قىلىۋاتىمەن.

— ئاتا - ئانىڭىز بولىدىغان ئادەملەركەن، مەنمۇ قىز بالىغا دادا بولۇپ قالسام شۇ خىلدىكى دادىلاردىن بولىمەن.

— شۇ ۋاقىتتا كۆرەرمىز.

— ياق ئايقىز، مەن مۇشۇ ئىشلار توغرىسىدا ئويلىنىپ قالغىلى خېلى يىللار بولدى. ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىلا چەتنىڭ تۇرمۇش پورەملىرىنى ئىلغىمايلا دورايدىغان ئاشۇ سۈيۈق ياشلارنى كۆرسەم يىرگىنەتتىم. ئۇلار ئەجنەبىيلەرنىڭ پوستىغىلا قىزىقىدۇ. ئەمما ئىلىم - پەن، ئۆگىنىشكە بولغان تەبىئىي ئىشتىياق-ھەۋىسىنى بولسا نەزەرىگىمۇ ئېلىپ قويمايدۇ.

— شۇنداقلارمۇ بار. يېڭى مودىدا ياسىنىش، تارىنىشنى ئۇلارچە ئالىي غايە ۋە مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك پەللىسى، تۇرمۇشتا ھوزۇر سۈرۈش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان شېرىنلىكلەردىن تارتىپ، ئالىي ماشىنىلار، رەڭلىك تېلېۋىزورلارغىچە بولغان ماددىي نېمەتلەرنى ئىشلەپچىقارغان جاپاكەشلەر، دۆلەتنى روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن پايپېتەك بولۇۋاتقان سىياسىيونلار، تەبىئەت سىرلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن كېچىلەپ ئۇيقۇدىن بېدار بولۇۋاتقان چاچسىز ئالىملار ئۇلارنىڭ نەزەرىدە گويا تۇرغانلا بىر ئەخمەق.

— مەسىلىنى ناھايىتى جايىدا قويدىڭىز خانىقىز، بۇ جەھەتتە قاراشلىرىمىز بىردەك ئىكەن.

— يالغان سۆزلىمەك، كىچىككىنە بىر باغقا دورا چېچىش مەسىلىسىدە بىردەكلىكىمىز يوق تۇرسا، قانداقمۇ كىشىلىك تۇرمۇشقا قاراش، باھا بېرىشتەك چوڭ مەسىلىدە قاراشلىرىمىز ئوخشاپ قالغۇدەك؟

— توختاڭ، سىز قىساسخور، ئاداۋەتچى قىزدەك كۆرۈنىسىز.— ئەختەم شۇنداق دېگىنىچە ئايقىزنىڭ ئۇدۇلىدىكى قىرغا كېلىپ ئولتۇردى - دە، گېپىنى داۋاملاشتۇردى،— سىز تولا كونا ساماننى سورۇپ گېپىمنى بۆلمەڭ، ئاۋۋال سۆزۈم تۈگىسۇن، مېنىڭ نوتۇق قابىلىيىتىم ياخشى ئەمەس. كۆڭلۈمدىكى پىكىرلەرنى مەنتىقىلىق ھالدا ئىپادىلىيەلمايمەن، ئەمما ھەمىشە بىراۋلارغا دېگۈم كېلىپ تۇرىدىغان، دېمىسەم بولمايدىغان سۆزلىرىم بار، سىز بولسىڭىزمۇ ئاڭلاڭ. گۈزەللىك بىر ئابستراكت ئۇقۇم ئەمەس. ئۇ ھېس قىلغۇچىنىڭ گۈزەللىك سېزىمى، زوقلىنىش تەلىپى، تۇرمۇش ئادىتى، ئەنئەنىۋى قاراشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن گۈزەللىك تۇيغۇسى كۈچلۈك مىللىي خاراكتېرگە ئىگە. ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىك؛ ئېستېتىك قارىشىدا ئورتاقلىق بولۇش بىلەن بىرگە ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە يارىشا خاسلىقى، ئايرىملىقى بولىدۇ. نېگىر يىگىتلىرى ئۆتكۈر قاپقارا، گىدە چاچ، كۆكسى ئېگىز، سېمىز قىزلارنى، ئاق تەنلىك يىگىتلەر چېچى سېرىق، كۆزى كۆك، ئۆڭى ئاق، بۇرنى ئۇچلۇق قىزلارنى ئەڭ ياخشى سورت دەپ بىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا بولسا بۇ ھەممىگە ئايان. دېمەك، كىيىنىش، يۈرۈش-تۇرۇش، ئوزۇقلىنىش، ئەدەپ، سەنئەت قاتارلىق تۇرمۇش پائالىيەتلىرىدە ھەر بىر مىللەتنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تاللاش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرگەن ئەنئەنىۋى

نۇۋى ئادەتلىرى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇر-
مۇش قوراللىرى، كىيىم - كېچەكلىرى، كۆ-
ڭۈل ئېچىش ۋاستىلىرى، خاس تاماقلىرى...
بولىدۇ. بۇ نەرسىلەر ھەر بىر ئادەمنىڭ
مىللىيلىكىنى، يەنى قايسى مىللەتكە مەنسۇپ-
لىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دەل مۇشۇنداق
تۇرمۇش شەكلى، مىللىي مۇھىت ئاستىدا كى-
شىنىڭ مىللىي روھى، خاراكتېر - مىجەزى،
ئادەتلىرى يېتىلىدۇ ۋە تاكامۇللىشىدۇ.
بىرەر مىللەتكە مەنسۇپ بولغان ئادەم گۈ-
زەللىكىنى دەل مۇشۇنداق مىللىي كۆز، مىل-
لىي ئۆلچەم بويىچە پەرقلەندۈرىدۇ. گەرچە
مەن سىزنى تېخى چۈشىنىپ يەتمىگەن بول-
سام مۇ، ئاشۇ سۇمبۇل چاچلىرىڭىزغا، تېنىڭ
ئۇيغۇر قىزىغا خاس كىيىنىشىڭىزگە شۇنچە
زوقلىنىپ كېتىشىمنىڭ ۋەجى شۇ، ئەلۋەتتە.

— قىلغىلى باشقا گەپ تېپىلمايدىغاندەك
يەنە مېنىڭ چاچلىرىمنى تەرىپلەشكە چۈشـ-
تىڭىز. قوپۇڭ ئەمدى، دورا تەييار بولدى،
ئاۋۇ قاتاردىكى ئالمىلارنى تۆكمەۋېتەيلى،-
دېدى ئايقىز ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ.

— تېخى يېرىمىدىن كۆپرەكى بار، بۈ-
گۈنلا تۆكمەيدۇ، ئانچە-مۇنچە دەم ئېلىپ،
پاراڭلىشىپ ئىشلىمىسەك زېرىكىپ ئىت بو-
لۇپ كېتەرمىز، بۇ خىلۋەتتە.

— ئاۋۇ كۈنى مېنى قوغلىۋەتمەكچى
بولغانىدا ئىت بولماقچىمىدىڭىز؟

— شۇ ئىشنى تولا يۈزۈمگە سېلىپ مې-
نى خىجىل قىلىۋەرمەڭ ئايقىز. ئادەم با-
لىسى خام سۈت ئەمگەن نەرسە، بىلىشى
ئاز. ھەر نېمىدۇر گېپىمنىڭ ئاخىرىنى
ئاڭلاڭ.

— سىزنى بىر مۈرىمەسمىكىن دېسەم،
ئەمدى ئېغىزىڭىز ئېچىلىپ سېغىزخاندەك
ۋالاقلىغىلى تۇردىڭىز، باشتا خاتا ئويلاپ-
تىمكەنمەن.

— سىزنىڭ مۇشۇ تۇرقىڭىز ئېغىزىمنى
ئېچىشقا مەجبۇر قىلدى ئايقىز، گۈزەل
زۇلپىڭىز ساغرىڭىزدا ھەر بىر يەلپۈنگەن-
دە يۈرىكىممۇ تەگلا ئاغقاندەك
تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

— راستىن لاۋزىلاشقىلى تۇردىڭىز، ئۆت-
كەنكى تەلىپىڭىزنى قوبۇل قىلىپ ئەمدى
بۇ يەردىن كەتسەم بولغۇدەك.

— ئالدىرىماڭ، كېيىن بىلىسىز، مەن
بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قالىدىغانلاردىن ئەمەس.
گەرچە سىز ئوتىڭىزدا كۆيۈشكە، بىر ئۆمۈر
كۈتۈشكە مۇناسىپ ساھىبجامال بولسىڭىزمۇ
مەن يەنىلا لاۋزىلاشمايمەن. يىلاندەك تول-
غىنىپ تۇرغان ئەشۇ چېچىڭىز، ئايدەك جا-
مالىڭىزغا ھۆسن قوشۇپ تۇرغان يارىشىم-
لىق ئەتلەس كۆڭلىكىڭىز، قۇلىقىڭىزدىكى
ئالتۇن زىرە، قولىڭىزنىڭ بېغىشىدىكى كۈ-
مۈش بىلەيزۈك... ماڭا شۇنداق يېقىملىق
گۈزەل كۆرۈندىكى... گۈزەللەر شاھى ۋې-
ناسىمۇ ئۇنىڭغا چوقۇم ھەسەت قىلىدۇ. مەن
شۇ تاپتا سىزنىڭ ئاشۇ ئىككى ئۆرۈم چېچى-
ڭىزنىڭ، ئەتلەس كۆڭلىكىڭىزنىڭ، زىرە -
بىلەيزۈكلىرىڭىزنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈ-
چى ئىشقى-مۇھەببەت كۈچىدەك شۇنچە زور-
مىدۇ دەپ قالدىم.

— مەن سىزنىڭ تەنقىد ئوبيېكتىڭىز
بولمىسام بۇ گەپلەرنى ماڭا دېيىشتىن نېمە
پايدا. ياخشىسى يەنىلا ئاشۇ مودا مەستانى-
لىرىنىڭ ئۆزىگە ئېيتقىنىڭىز تۈزۈك.

— مالنى خېرىدار بولمىسا ساتقىلى
بولمىغاندەك بۇ گەپلەر ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا
ياقمىسا نېمە ئامال، ھەتتا ئۆز سىڭلىمنى-
مۇ گەپكە كىرگۈزەلمىدىم. شۇڭا سىزگە
كۆڭلۈمنى بوشىتىۋېلىش ئۈچۈنلا دەرد
ئېيتىۋاتىمەن.

— ئۈمىدۋارراق بولۇڭ. يېقىنقىدا مۇئا-

مىلە قىلىشتا ياشلارنىڭ ئىنپادىلىرى جانـ
لىقراق بولىدۇ. لېكىن ۋاقىت هامان ئۇـ
لارنى تەربىيىلەيدۇ. بەزى خاراكتېرى تۇـ
راقسىز ياشلارنىڭ ئۆز يۇرتىدا ئەجنەبيـ
لەردىن بولۇۋېلىشى خۇددى كېچىدىكى ئايـ
نىڭ شولىسى سۇدا جىلۋە قىلغاندەكلا بىر
ئىش. ئاي پاتسا ئۇمۇ يوقايدۇ.ـ ئايقىسىز
شۇلارنى دەۋېتىپ قولىدىكى ئۈسـۈملۈك
ئاسراشقا ئائىت خەنزۇ يېزىقىدىكى كىتابنى
ۋاراقلىغاچ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ھېلىھەم
سۆزلەشكە تەمشىلىپ تۇرغان ئەختەمگە
قايتىلاپ دېدى:

ــ قوپۇق ئەمدى . بۇ باغقا
ياشلارنىڭ مەسىلىسىنى
مۇزاكىرە قىلغىلى كەلمىگەندىكەن، ئاۋۇ
بىر قاتار نەشپۈتكە دورا چېچىۋېتىپ تاـ
ماققا چۈشەيلى.

ئەختەم ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن
تۇرۇپ يېڭىلا دورا توشقۇزۇلغان ماشىنىـ
سىنى ئۈشىنىسىگە ئالدى ـ دە، قاتارنىڭ
ئەڭ ئاخىرىدىكى دورا چېچىقىسىز قالغان
ئىككى تۈپ ئالما قېشىغا ئاختامىلىقتىكى
چاملارنى دەسسىگىنىچە يۈرۈپ كەتتى.
ئەتىياز ئاپتىپىنىڭ چېقىنىدىن قورقۇپ
بېشىغا ئاق شايى ياغلىق ئارتىۋالغان ئايـ
قىز ياغلىقنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ
ئارتىپ يەنە بىر ئېتىز نېرىدىكى نەشپۈتـ
لۈك قاتارغا ئۆتتى. ئۇ نوتىلىرىغا سۇ
يۈگۈرۈپ ، بىخلىرى بوغاز بولۇشقا باشـ
لىغان نەشپۈت تۈپلىرىنىڭ غوللىرىغا،
شاخلىرىغا قاراشقا باشلىدى. سوختا، سۈـ
تۈن ئۆسكەن كۆچەتلەرنىڭ ئۈچلىرىدا
تور تارتىپ غۇژمەكلىشىپ كەتكەن قۇرت
لېچىنكىلىرى كۆپ ئىدى. تۇخۇمدىن ئەمـ
دىلا تېشىپ چىققان قۇرتلار نەشپۈت غولـ
لىرىدا ئۆمۈلىشىپ يۈرەتتي. ئايقىز

قۇرتلارنى كۆرۈپ سەل ئەندىكتى. ئۇ بىر
چاغلاردا ھويلىسىدىكى ئۈرۈك تۈۋىدە قوـ
لىنى ئالا قۇرت چېقىۋېلىپ بىلىكىنىڭ
كۆپتەك ئىششىپ كەتكىنىنى، ئۆزىنىڭ
خېلىلا چوڭ تۇرۇپمۇ ئۇن سېلىپ يىغلىغىـ
نىنى ئەسلىدى. ئەسلىدىمۇ بىردىن ئۇـ
نىڭ ئاشۇ قۇرتلارغا ئۆچلىكى تۇتۇپ كەتـ
تى. خروستالدەك سۈزۈك، ئۆزىنىڭ مەڭـ
زىدەك قىزىل، ئاق ئالمىلار، سارغىيىپ
پىشقان نەشپۈت، ئامۇت، ئۆرۈكلەرنى تېـ
شىپ، سېسىتىپ يېگىلى بولماس ھالەتكە كەلـ
تۈرۈپ قويىدىغان بۇ زىيانلىقلارنى قەتـ
ئىي تۈگىتىش كېرەك دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە
ئۈنسىز. خىتاب قىلدى. ئايقىز مۇشۇلارنى
ئويلاۋېتىپ ئۆز بېغىدىكى ۋە قولۇم ـ قوشـ
نىلارنىڭ باغلىرىدىكى كۆچەتلىرىگە قۇرت
چۈشكەنمىدۇ قانداق؟ ئەتتىن چۈشكەندىن
كېيىن كۆرۈپ بېقىش كېرەك. مۇبادا ئەھـ
ۋال ئېغىر بولسا ھەر ئامال قىلىپ ئالـ
دىنى ئېلىش لازىم دېگەننى خىيال لىدىن
ئۆتكۈزدى. ئۇ، ئەختەم ئۆز يېنىغا كېلىپ
ئۈشىنىسىدىكى دورا چېچىش ماشىنىسىنى
يەرگە قويغاندىلا ئېسىگە كەلدى. ئىككىسى
قالغان دورىنى بىرلىكتە ماشىنىغا قاچىـ
لىغاندىن كېيىن قاتارنىڭ بېشىدىكى چوڭ
نەشپۈت دەرىخى قېشىغا كېلىشتى ـ دە، ئەخـ
تەم ماشىنىنىڭ ناسۇسىنى بېسىشقا تۇتۇنـ
دى. ئايقىز بولسا يۇرنىغا قېلىن ماسكا
تاقاپ پۈركۈگۈچنى قولىغا ئالدى. بايا
ئايقىزنىڭ نەزىرىگە چۈشكەن، كۆچەت تاـ
جىلىرىدىكى ساناقسىز لېچىنكىلار شاخـ
غوللاردا ئۆمۈلىشىپ يۈرگەن قۇرتلار يامـ
غۇردەك چېچىلىۋاتقان ئۆتكۈر دورا تەسىـ
رىدىن شۇ ھامان يەرگە تۆكۈلۈشكە باشلىدى...

× ×

باغچىرىقىنىڭ بۈگۈنكي كۈنىمۇ قاينامـ

تاشقىلىقتا چۆمگەن، دېھقانلار دېگۈدەك ئېتىز ئۈستىدە يەرلەرنى ئوسا قىلىش، قىغ توشۇش، قىر - توسمىلارنى تۈزەپ ئۇرۇق سېلىشتەك تۈرلۈك-تۈمەن ئىشلار كىشىلەرنى ئالدىراتماقتا. ھەرياقتىن «ھوش!ئاپ» ئۈنى، ئەمگەك ناخشىلىرى ئاڭلىنىدۇ. جەنۇب تەرەپتىن ئاق چوققىلىق قارا قۇرۇم تاغلىرى كۆرۈنگەن تەرەپتىن يەڭگىل باھار شامىلى يۈزلەرنى سىيپاپ ئۆتىدۇ ۋە ئېتىزلاردىكى غازاڭ، سامانلارنى ھەر ياققا ئۇچۇرۇۋېتىدۇ.

بۇنداق چاغلاردا، كىشى قەلبىدە باش باھارنىڭ مۇشۇ تۇنجى مەۋسۇمىدا ئېچىلغان كاككۈك گۈلىدەك شۇنچە پاك، غۇبارسىز، ھېچقانداق پايدا - زىيان سېلىشتۇرمىسى بولمىغان بىر ئېزگۈ ئارزۇ ئىستەك، ئەمگەكنى سۆيۈش، تەبىئەتنى سۆيۈش، ئەمگەك ۋە تەبىئەت ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن ئىشلەش ئىستىكى غالىب كېلىدۇ.

ئايقىز بىلەن ئەختەمنىڭ باغچىرىقىنىڭ چېتىدىكى بۇ ئالمىلىق باغدا مۇشۇنداق ئارزۇ ئىستەك بىلەن بېرىلىپ ئىشلىگىنىگە بۈگۈن يەتتە كۈن بولدى.

بۇ جەرياندا ئۇلار يېزىدىن قوشۇپ بەرگەن بىر تىلسىز يىگىتنىڭ ياردىمى بىلەن ھەر بىر تۈپ كۆچەتنىڭ يېنىغا بىر نەچچە قېتىمدىن بېرىپ، بىر نەچچە مىنۇتتىن تۇرۇپ ئاپەت چۈشۈش دەرىجىسى ۋە چاچقان دورىنىڭ ئۈنۈمىنى قايتا - قايتا كۆزىتىش ئارقىلىق باغنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا دورا چېچىپ تۈگەتتى. شۇ ئارىلىقتىكى ئارىلىشىش، ئۆزئارا ھەمكارلىق ئۇلارنى بىر - بىرىگە خېلىلا يېقىنلاشتۇردى، ئارىدىكى سۆھبەت تېمىلىرىمۇ خېلىلا كۆپەيدى. ئەمما بۇ سۆھبەت تېمىلىرى يەنىلا شۇ كىشىلىك تۇرمۇش، مۇھەببەت دائىرىسىدىن ھالقىمايتتى. ئەختەم سۆزىنى ئايقىزغا، ئۇنىڭ شەخسىيىتىگە بۇرىسىلا ئايقىز گويا قىزىقتۇرۇشقا گۆھەرنىڭ قىرىنىلا كۆرسىتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ تەقەززالىقىنى ئاشۇرغاندەك بىرەرتە يېرىم ئۈزۈلمەس سۆز، ئانچە - مۇنچە جىلۋە - ناز بىلەن ئەختەمنى بىتاقەت قىلاتتى. ئايقىزنىڭ مەقسەتلىك، پىلانلىق ھالدا قىلىۋاتقان بۇ مۇئامىلىسى ئەختەمنى ئاستا - ئاستا ئۇنى خىيالىدىن چىقىرالمايدىغان، چىرايىغا خۇپىيانە ھالدا تەلمۈرۈپ قارايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. بۈگۈن چاشكا ۋاقتى بىلەن ئىككەيلەن ئەتىگەن تەڭشىگەن دورىنى چېچىپ بولۇپ كۆل بويىدىكى چوڭ ئۆرۈك دەرىخى ئاستىغا كېلىشتى. باغ ئىچىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى، پەقەت كۆل بويىدىكى قېرى ئۆرۈك دەرىخىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە ئاندا - ساندا چېچەك ئاچقان شاخلاردا ئاق قۇشقاچلار ۋىچىرلىشىپ جىمجىتلىقنى بۇزاتتى. بېشىغا ئاق خادانى شەلپە، پۇتىغا چۇخەي كىيىپ شىمىنىڭ پۇشقىقىنى تۈرۈۋالغان ئەختەم بويىنىدىكى لۆڭگە بىلەن يۈز - كۆزلىرىدىكى تەرلەرنى ئېرتقاندىن كېيىن چېلەكتىن بىر قاچا سۇ ئېلىپ گۈپۈلدەپ ئىچتى. بۇ چاغدا ئايقىز بىر تۈپ ئالما دەرىخى تۈۋىدە ئولتۇرۇپ تىزلىرى ئۈستىگە قويۇۋالغان كىچىك خاتىرىگە بىرنېمىلەرنى يېزىۋاتاتتى. ئۇنىڭ باغ ئىچىدە، يەنە كېلىپ چېچەك ئاچاي دەپ تۇرغان ئالما تۈۋىدە ئولتۇرۇپ بېرىلىپ خەت يېزىۋاتقان بۇ لىرىكىلىق كۆرۈنۈشى ھەر قانداق فوتوگراف ياكى رەسسام ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئوبيېكتىپ بولالايتتى. تۆكۈلۈپ تۇرغان قويۇق كىرپىكلەر مۇھاسىرىگە ئالغان ئوتتىلۇق قارا كۆزلەر خاتىرە بەتلىرىگە

مىختەك تىكىلگەن، ئىككى كۆزۈم چېچى-
نىڭ يېرىمى يەردە تۇگۇلۇپ ياتقان يىلان-
دەك كەينى تەرىپىدە قىر باغرىدا تاشلى-
نىغلىق تۇرىدۇ، بويىنىغا چىگىپ قويغان ئاق
شايى ياغلىق ئۇستىدىن باھار ئاپتىپى قا-
رايتالمىغان ئاق - سۇزۇك بويۇنلىرى كۆ-
رۈنۈپ قالغان. تىرناقلىرىغا خېنە يېقىل-
غان ئىنچىكە بارماقلىرىغا قىستۇرۇلغان
قەلەم - قەغەز ئۇستىدە گاھى تېز - تېز
ھەرىكەتلىنىدۇ، گاھى توختايدۇ، بەزىدە
ئايقىز بىرەر ئىشنى ئېسىگە كەلتۇرەلمىگەن-
دەك قەلەمنىڭ ئۇچىنى جىنەستىدەك قى-
زىل لەۋلىرىگە تەگكۈزگەن ھالدا ئالدى-
دىكى قايسىدۇر بىر نۇقتىغا تىكىلىدۇ. ئۇ-
نىڭ مۇشۇ ھالەتتىكى كۆرۈنۈشى ھەر قانى-
داق ئەركەك زاتىنىڭ جېنىنى قاقشىتىدۇ.

— نېمە يېزىۋاتىسىز؟ ئەتىدىن بېرى
ئايقىزنىڭ ھەرىكىتىگە سەپ سېلىپ تۇر-
غان ئەختەم قىزنىڭ يېنىغا كەلگەچ سورىدى:

— سىز ئۇچۇن مەخپى، - دېدى ئايقىز
ئەختەمنىڭ ئاۋازىدىن چۆچىگەن ھالدا
خاتىرىنى قول سومكىسىغا سالغاچ.

— سىزنىڭغۇ مەن ئۇچۇن مەخپىيەتلىكى-
ڭىز كۆپ.

— مەسىلەن؟

— ئېيتايلۇق، تۇرمۇش ئىشىڭىز؟ ئو-
بېيېكتىڭىز بارمۇ يوق؟ دېگەندەك ئىشلار.

— قىزىقكەنسىز، سىز باغقا چاچىدىغان
ئادەتتىكى بىر دورىلارنىڭ ئىسمىنى مەخ-
پىي تۇتۇسىزۇ، مەن سىزگە تېگىدىغان ئادى-
مىمنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەمدىمەن؟

ئەختەم بىردەمگىنە ئۈنچىقمىدى، ئۇ
ئايقىزنىڭ بۇ زەربىسىدىن خېلىلا گائگىس-
راپ قالغانىدى، شۇنداقتىمۇ سۆھبەتنى ئۈ-
زۈپ قويماسلىق ئۇچۇن بىرەر نەرسە دې-
مىش، ئاز - تولا بەدەل تۆلەشلا زىم ئىدى.

— سىزگە ئۇنى بىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟
ئەگەر كېرەك بولسا قانچە، سورىۋېلىڭ،
جاۋاب بېرەي.

— سىزگە ئايان، مەن ئىگىلىك تىكلەش
كەسپىدە ئوقۇغان، ئىگىلىكنى بىرلا ئىشتا
تىكلىگىلى بولمايدۇ، كەسپىمنىڭ بۇ خىل
خاراكتېرى مېنى ئەتراپىمدىكى ھەممە نەر-
سىگە قىزىقىشقا ئۈندەيدۇ، لېكىن خاتىر-
جەم بولۇڭكى مەن ئۇ دورىلارنىڭ ئىسمىنى
بىلىۋالغىنىم بىلەن سىزنىڭ تېخنىكا پون-
كىتىدىكى قەدىرلىك ئورنىڭىزنى تارتى-
ۋالمايمەن.

— مەن ھەر نەرسىنى بېرىشكە تەييار.

— كېرىكى يوق.

قارىماققا ئىستىھزامۇ، چاقچاقمۇ بىل-
گىلى بولمايدىغان بۇ سۆزگە ئەختەم ئان-
چە ئېرەن قىلمىدى، خاپا بولۇپمۇ كەت-
مىدى، چۈنكى ئۇ، ھازىر ھەر ئامال قى-
لىپ ئايقىزنىڭ سۆيگەن يىگىتى بارمۇ يوق
دېگەننى ئىندىتلاپ كۆرۈش ئويىدا پايپې-
تەك ئىدى، ئايقىزدىن مۇشۇ ھەقتە بىرەر
ئۇچۇرغا ئىگە بولۇش، ئامال بولمىغاندا
شەھەرگە كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئو-
قۇغان ساۋاقداشلىرىدىن ئېنىقلاش، مۇبادا
«بېشى باغلاقلىق» بولمىسا ھايال بولماي
توي قىلىش تەلىپىنى قويۇش پىلانىنى
كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئايقىز بىلەن ئەخ-
تەم سۆيگۈ مۇھەببەت ئىشىدا ئوخشاشلا
بىتەلەپلەردىن ئىدى. تاللاشنىڭغۇ تاللىدى،
كۆڭلىنىڭ كەينىگىمۇ كىرىپ ئەخلاق، ئىق-
تىدار دېگەنلەرنىمۇ ھېسابقا ئېلىپ تاللى-
غان، ئۆلچەمگە توشىدىغان، تىرناقتا توخ-
تايدىغان نامزاتلار بىلەن. ئالىي مەكتەپ
ھاياتىنىڭ كېيىنكى يىللىرىنى گۈزەل ھې-
سسىيات، رومانتىك خىياللار قۇچىقىدا تويى-
ماي ئۆتكۈزۈشتى.

لېكىن ياشلىقىدىكى بەگباش كۆڭۈل نامازاتلارنى تاللىيالىغىنى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى تاللىيالمايدىكەن. ئوقۇش تۈگىگەن چاغدىكى ئېھتىياج ئاساس قىلىنىدىغان رەھىمسىز تەقسىمات ۋە ئاتا-ئانا رايى بۇ كاككۇك بىلەن زەينەپلەرنى «بىرى باغدا، بىرى تاغدا» ئەھۋالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئايقىز ئوقۇش ھاياتىنىڭ كېيىنكى بىر يىلى ئىچىدە كۆڭۈل بېرىشىپ، ياخشى كۆرۈشۈپ ئۆتتۈشكەن ئۈرۈمچىلىك جۈرئەت دېگەن يىگىت بىلەن ئاتا - ئانىسىنىڭ كەسكىن رەت قىلىشى نەتىجىسىدە «مەڭگۈ دوست ئۆتتۈش» دېگەن تەسەللىيگە پەلەر بىلەن ئۆز كۆڭۈللىرىنى بەزلىشىپ، ياش تۆكۈپ ئايرىلىشقان. ئەختەممۇ يۈرىكىدىن ياخشى كۆرگەن، كەلگۈسىدە بەختلىك ئەر - خوتۇن بولۇپ ئۆتۈشكەچىن ۋەدىلەر قىلىشقان ئاق پىشماق، زىلۋابوي، كۈلكە چىراي رىزۋان دېگەن تەشقەرلىك قىزنى ئاتا - ئانىسى كىچىكىدىلا بىر تۇغقىنىنىڭ ئوغلىغا «بېشىنى چېتىپ» قويغىنى ئۈچۈنلا نائىلاج تاشلاپ كەلگەن. شۇنىڭدىن بېرى باغرىنى جۇدالىق خەنجىرى تىلىپ ھىجران چۆلىدە تەشنالىق ئازابىنى تارتىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭۈل پارىسى بوش، بۇ بوشلۇقنى ئامەتلىك، بەيگىدە ئۈزۈپ چىقالايدىغان بىرسى ئىگىلىشى كېرەك.

× ×

باغقا دورا چېچىش ئاخىرلىشاي دېگەنسېرى ئەختەمنىڭ ئەندىشىسى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇ ئايقىزدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا ئىشنى ئىمكان بار كەينىگە سوزۇشقا تىرىشاتتى، چۈنكى ئۇ ئاشىق ئىدى، ئايقىزغا مەھلىيا بولۇپ قالغانىدى. ئايقىزنىڭ ئايدەك ھۆسنى جامالى، ئۈزۈن، ئۇنىڭدەك قارا چاچلىرى، مىجەزىدىكى قەتئىينىيەت، دېھقان قىزلىرىغا خاس ئىشچانلىق ۋە ئوچۇق كۆڭۈللۈكى ئەختەمنى ئاللىقاچان كۆڭۈل تەسلىمنامىسىغا قول قويۇشقا مەجبۇر قىلغانىدى.

بۈگۈن باغقا دورا چېچىشنىڭ ئاخىرقى كۈنى، چىتلاق يېنىدىكى ئىككى قاتار كۆچەتكە دورا چېچىپ بولسىلا بۇ يەردە ئىشى تۈگەيدۇ، ئەختەم بۇ يەردىن كېتىدۇ. شۇڭا ئايقىزغا كۆڭلىدىكى گەپلەرنى دەۋېلىشى كېرەك. چۈشتىن كېيىن سايىم شائىجاك ئىش تاپشۇرۇۋالغىلى كەلسە، ئۇ چاغدا سۆزلىشىشكە تېخىمۇ پۇرسەت چىقمايدۇ. ئەختەم قەتئىينىيەتكە كەلدى. ئەمدى ئۇ كۆڭۈل تەلىپىنى ئايقىزغا ئېيتىدۇ، لېكىن ئەختەم ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ چۇسلۇقىنى، قىزلىق غۇرۇرىنى ئوبدان بىلگەچكە دەماللىقچە مۇددىئاغا ئۆتمەي باشقا ئىشلار توغرىسىدا، ئۆتكەندە ئايقىز سورىغان زىرائەتلەرگە چاچىدىغان دورىلار ۋە ئۇنىڭ نىسبىتى، ۋاقىت قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە گەپ ئېچىپ، ئاخىرىدا ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش ياكى خەت ئارقىلىق تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك.

— قارا، بۈگۈندىن قالسا دورا چېچىشقا بولمىغۇدەك، كۈنگەي تەرەپنىڭ چېچىكى ئېچىلىشقا باشلاپتۇ. — دېدى ئايقىز قاتارنىڭ بېشىدىكى ئالما تۈۋىگە ئەمدىلا دورا چېچىش ماشىنىسىنى قويۇۋاتقان ئەختەمگە قاراپ.

— ھاۋا بۈگۈنكىدەك ئوچۇق بولسا ئۈچ كۈن ئىچىدە ئاساسەن چېچەك ئېچىلىپ بولىدۇ، ئۇ چاغدا دورا چېچىشقا بولمايدۇ. دورا چېچىشنىڭ ۋاقتىنى توغرا بەلگىلەشنىڭ مەھسۇلاتقا بولغان تەسىرى چوڭ.

— ئىككىنچى قېتىم چېچىپ يۈرمەسمىز

ئەمدى، مۇشۇنىڭ بىلەن مېۋە پىشار.

— ئالمىنىڭ ياڭاقتەك بولغان چېغىدا ئىككىنچى قېتىملىقىنى چاچمىساق بولمايدۇ. ئۇ چاغدا ئۈزەك قۇرتىنىڭ بىرىنچى ئەۋلادى تۇخۇمىدىن چىقىدۇ — دە، ئالمىنى تېشىپ كىرىپ مېغىزىنى يېيىشكە باشلايدۇ.

— بولدى، بۇ گەپلەرنى قويۇڭ، سىز بۈگۈن كەتمەكچىمۇ؟

— ئەتە ماڭسام مىكىن، ھەيدىۋەتكىڭىز بارمۇ نېمە؟ سىزگە دېمىسەم بولمايدىغان گەپلىرىم بار.

— يەنە نېمەمۇ دەرسىز ماڭا؟ نەچچە كۈندىن بۇيان ئارىمىزدا قىلىشمىغان گەپمۇ قالمىدى. ياخشىسى ئەمدى كەچلىك زىياپەتنى يەپ ئەدەبلىك مېھمان قاتارىدا ئۇزاڭ، سىزگە بەخت تىلەيمەن. ھازىر مەن كۆڭۈلنى ئاۋۇندۇرىدىغان سۆزلەرنى ئاڭلاشنى خالىمايمەن.

— كۆڭۈلنىڭ مەيلىنى — سېنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغان كىشىگە بايان قىلىش دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىمايدىغان ئىنسانىي ھوقۇق. مەن ئەرزۇ ھالىمنى سىزگە ئېيتىمەن. ھالىمغا يېتىش - يەتمەسلىك ئىختىيارىڭىزدا. سىزگە يەنە دورا چاچقاچ باغ پەرۋىشىگە ئائىت بەزى ئىشلارنى دەي، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىۋېلىڭ، ئەسقېتىپ قالىدۇ.

— باغ پەرۋىشى توغرىسىدا سۆزلىگىنىڭىز قۇلىقىمغا ياقىدۇ ئەختەم. باغ ئېرىقلىقلارنىڭ كىرىمىنىڭ يېرىمى باغۋەنچىلىكتىن كىرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى بېيىتىش ئۈچۈن چوقۇم زىيانداشلارنى ئىلمىي يوسۇندا يوقىتىش بەك زۆرۈر ئىكەن. مەن كۈزگە يېقىن يېزا بويىچە باغۋەنچىلىك كەسپىي ئائىلىلىرىگە مۇشۇ ھەقتە كۇرس ئاچماقچى، بۇنىڭ ئۈچۈن قوللانما لازىم. ئەمما كۆپـ

دۇم - پېشتەم دېگەن گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىغىم يوق.

— دېدىمغۇ كۆڭۈلنىڭ ئىشىدا ھەر كىم ئۆزىگە سۇلتان، مەن پەقەت ئىلتىماس قىلالايمەن، سىز ئويلىنىپ باقارسىز...

ئايقىز ئەختەمنىڭ باغ پەرۋىشى توغرىسىدىكى سۆزلىرىگە خېلىدىن بېرى تەقەززا ئىدى. ئۆتكەندە ئالما تۈۋىدە ئولتۇرۇپ خاتىرىگە يېزىۋاتقىنىمۇ مۇشۇ ھەقتە ئىگىلىگەن ماتېرىياللار ئىدى. بۈگۈن ئەختەم ئۆزلۈكىدىن سۆزلەپ بېرىمەن دەۋاتىدۇ، بۇ بىر ياخشى پۇرسەت. يەنە كېلىپ ئەختەم ئايقىزغا تۇرمۇش، مۇھەببەت توغرىسىدا سۆز قىلسا ئۇنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ. ئۇ بۇنىڭغا ھوقۇقلۇق. چۈنكى ئەختەم ھازىرچە ئۆرۈمچىلىك جۈرئەتنىڭ ئورنىنى باسالمىسىمۇ ھەر ھالدا «تۇتسا سېپى، قىچقارسا ئېتى بار» يىگىت. ئايقىز بىللە ئىشلەش جەريانىدا ئۇنىڭ خىزمەتتە مەسئۇلىيەتچان، ھالاللىق بىلەن ئىشلەيدىغان بالا ئىكەنلىكىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەختەمنىڭ قايسى يېرى بولمايدىغانلىقىنىمۇ ھېچ بىلەلمىدى. ئۇنىڭ ئەختەمنىڭ كۆڭلىنى رەت قىلىشىمۇ دەل مۇشۇ خىل گاڭگىراشتىن كېلىپ چىققانىدى.

ئەختەم ئۈچۈن ئايقىز بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغانلىغا ئاران بىر سائەتلا پۇرسەت قالدى. ئاخىرقى قاتاردىكى يىگىرمە تۈپ كۆچەتكە دورا چېچىۋەتسىلا جۇدالىق سائەتلىرى باشلىنىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇ ماشىنىنىڭ ناسوسىنى باسقاچ، شايى ياغلىققا بېشىنىڭ كۆزىدىن باشقا ھەممە يېرىنى يۆگەپ پۈركۈگۈچنىڭ سېپىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ ئالمىغا دورا چېچىۋاتقان ئايقىزغا ئىلتىجا قىلدى:

— كېيىمىنى ئاڭلىغاچ ئىشلەڭ، ھېچبولـ

مىغاندا كۆچەتلەرگە چاچىدىغان دورىلارنى ۋە تەكشەش نەتىجىسىنى دەپ بېرەي، ئۆزۈمنىڭ شەخسىي تىلەكلىرىمنى ھەر قانداق ۋاستە بىلەن سىزگە ئىپادە قىلالايمەن. ئۈزەك قۇرت... بىر يىلدا ئىككى قېتىمدىن ئۈچ قېتىمغىچە كۆپىيىدۇ. قىشتا لىپچىنىڭ ھالىتىدە ياشايدۇ، ئەتىيازدا ئۆرۈك چېچەكلىگەندە قورچاقا، ئاندىن كېپىنەككە ئايلىنىپ تۇخۇم سالىدۇ. يېتىلگەنلىرى ئالمىنى تېشىپ، مېغىزىنى يەيدۇ. يوپۇرماق قانىسى مېۋىلەر پىشاي دېگەندە يوپۇرماققا چاپلىشىپ ئۇنىڭدىن ئوزۇقلۇقىنى سۈمۈرىدۇ. نەتىجىدە يوپۇرماقتا خىلروفىل ماددىسى كەملەپ فوتوسىنتېز ئاجىزلايدۇ. نەتىجىدە مېۋىگە بارىدىغان ئوزۇقلۇق كەملەپ، قەنت ماددىسى ئازىيىدۇ. ئۈزەك قۇرتقا جوجى خىلىدىكى دورىلاردىن شامى جوجى، ياڭلى جىڭجو دېگەن دورىنى چاچىمىز. يوپۇرماق قانىسىغا سەنلۇشا مېيەنچۇنى ئىشلىتىمىز. بۇ دورىلاردىن بىر مويەردىكى كۆچەتكە ئون بەش گرام چېچىلىدۇ. دورىنى تەكشىگەندە بۇنىڭغا ئەللىك گرام سۇ قوشۇلىدۇ. چېچىش دائىرىسى ئالما، نەشپۈت ئۆرۈك، شاپتۇلدىن ئىبارەت...

— سىزگە رەھمەت، ماڭا ناھايىتى ياخشى دەرس بولدى. ئاساسلىق بىلىملەرنى ئۆگىنىۋالدىم. ئەگەر يېڭى ئىشقا دۈچ كەلسەم سىزنى ئىزلەيمەن.

— ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ توغرىسىدىكى بىر يازما ماتېرىيالىمنى سىزگە قالدۇرۇپ كېتەي، پايدىلىنارسىز.

— ئۇ ئەڭگۈشتىرىڭىزنى ماڭا بېرىشكە قانداق چىدىدىڭىز؟

— مەن ھازىر سىزگە يۈرىكىمنى بېرىشكىمۇ تەييار ئايقىز.

— يۈرىكىڭىز ماڭا كېرەك بولمىسىچۇ؟

شۇ تاپتا سىز نېمىلەرنى ئويلايسىزكىن ئەختەم، بىز ھازىردىن باشلاپ سىلەرنىڭ تېخنىكا پونكىتى بىلەن بولغان دوگۋارنى ئەمەلدىن قالدۇرىمىز. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ باغنىڭ پەرۋىشىنى، يېزىدىكى ھەممە باغنىڭ دورا چېچىش ئىشىنى ئۆزىمىز قىلىمىز. تەشكىل باشتىلا مېنى سىزنىڭ مۇشۇ ھۈنىرىڭىزنى ئامال قىلىپ ئىگىلەشنى تاپشۇرغان. بۇ ئىشنى ئۆزىمىز قىلساق يېزىغا ھەر يىلى قىرىق ـ ئەللىك مىڭ يۈەن پۇل تېجىلىپ قالىدۇ. يېزا بۇ پۇلنى ئېرىق ـ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، يېڭى سورتلارنى كىرگۈزۈش قاتارلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىدۇ. ئۆز كۈچىگە تايىنىش باغئېرىقلىقلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ماڭىدىغان يولى، مېنىڭمۇ ئېيتقادىم.

ئەختەم ئايقىزنىڭ سۆزلىرىنى ھەيرانلىق، سۆيۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن تىڭشىدى. بۇ سۆزلەر گويا مەشۇقىنىڭ ئاشىقىغا ئېيتىۋاتقان ئىشقى ـ مۇھەببەت قوشىقىدەك ئەختەمنىڭ ئايقىزغا بولغان شەيدالىقىنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

— مۇشۇ يوللا باغئېرىقنىڭ بەخت يولى، ـ دېدى ئەختەم ھاياجانلىنىپ، ـ دوگۋار بۇزۇلسىمۇ ئوتتۇرىمىزدىكى رىشتە ئۈزۈلمىسۇن دېگەن ئارزۇدىمەن. ئەمما مەن سىزنىڭ ماڭغان يولىڭىزنى قەتئىي قوللايمەن.

— قوللايمەن دېگىنىڭىز ئېغىزدىكى گەپقۇ ھەقىچان، شەھەرگە قايتقىنىڭىزدىن كېيىن بۇ يەرلەر چۈشىڭىزگىمۇ كىرمەس.

— ياق ئايقىز، مېنىڭ باغئېرىققا مېھرىم چۈشۈپ قالدى. بۇ يەردىكى ھەممە ئادەملەر، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلار مېنى ئۆز باغرىغا چىللاۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. سىز مېنىڭ ھۈنىرىمنى ئوغرىلاپلا

قالماي يۈرىكىمنىمۇ ئوغرىلىۋىدىڭىز، مېنى بۇ يەردىن مەڭگۈ كەتمەس هالغا كەلتۈردىڭىز...

— قاراڭ ئەختەم، ئۇلار كېلىپ قالدى، بىزنى چاقىرغىلى كەلگەنمىكىن؟

بايا ئەختەمنىڭ سۆزلىرىدىن ئويچان، غەمكىن هالەتكە كۆچكەن شوخ، ئويناق كۆزلەر يەنە چولپان يۇلتۇزدەك پارلاپ ئىللىق نۇر چېچىشقا باشلىدى. چېھرىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. لېكىن ئەختەم ئۇنىڭ بۇ هالىتىدىن هېچقانداق بىر ئىپادە تاپالمىدى. ئۇلار باغ ئىشىكى ئالدىدا سايىم قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىدىن دوراچېچىش سايمانلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئالما قاتارلىرىنى بويلاپ باغ ئىشىكى تەرەپكە مېڭىشتى. ئىشىك تۈۋىگە بارغىچە بولغان پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن ئەختەم ئايقىز بىلەن يانمۇ يان مېڭىپ تۇرۇپ دېدى:

— بىر نېمە دەڭ ئايقىز، مېنى نائۈمىد قىلماڭ.

— هايات مۇساپىسىنىڭ بىرىنچى قەدىمىدىلا خاتالاشقان كىشى ئىككىنچى قەدىمىنى ئويلىنىپ باسمىسا بولمايدۇ ئەختەم. مەن يۇرتۇمنى، مۇشۇ باغچىلىقنى دەپ ئۈرۈمچىدىن بىر نازىرنىڭ ئوغلىنى تاشلاپ بۇ يەرگە كەلگەن. ئۇ ماڭا بەخت، شۆھرەت ۋەدە قىلغانىدى. لېكىن مېنىڭ بەختىم باغچىلىق بىلەن چىڭ باغلانغان. باغچىلىقلارنىڭ دولىسى ئاپتاپ كۆرسە مېنىڭ بەخت گۈلۈمنىڭ ئېچىلغىنى. سىزگە دەيدىغىنىم پەقەت مۇشۇلا، ئەمدى سىز ئويلاپ ئىش كۆرۈڭ...

— هارمىغايسىلە، سىلەرنى ساقلاپ هاردۇق، تاماقلار سوۋۇپ قالدى.

سايىم شاڭجاڭنىڭ سۆزى ئەختەمنى ئوي خىيالدىن سەگىتتى. باغ پەرۋىشىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىغا ئائىت بىردەملىك گەپ-سۆزلەر ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئايقىز بىلەن ئەختەم كەلگەنلەر بىلەن بىرلىكتە يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ مېھمانخانىسىدا ئەختەمنى ئۇزىتىش ئۈچۈن تەييارلانغان زىياپەتكە قاتنىشىش ئۈچۈن مېڭىشتى.



ئەختەم يولدا يېزا كادىرلىرىنىڭ رەھمەت، بارىكاللالىرىنى ئاڭلىغاچ كېتىۋېتىپ بايا ئايقىزنىڭ دېگەنلىرىنى كاللىسىدا مۇلاھىزە قىلاتتى. ئۇنىڭدىن ئۆزىگە پايدىلىق بىرەر ئۇچۇرنىڭ بولۇشىنى تىلەيتتى. تۇساتتىن ئۇنىڭ قەلبى خۇددى قاراڭغۇ ئۆي ئېلېكتر يورۇقىدا يورۇغاندەك، تەپەككۇرىدە ئايان بولغان بىر مەنادىن سۆيۈنۈپ كەتتى. يەنە ئايقىز ئۇنىڭ قۇلىقىغا «سەن باغچىلىق ئۈچۈن ئىشلىسەڭ، مەن سېنى سۆيىمەن» دەپ پىچىرلىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئەختەم ئايقىزنىڭ خۇشال كەيپىدىن، ئۆزىگە رازىمەنلىك بىلەن قاراشلىرىدىن ئاستا - ئاستا بۇ مەنانىڭ راستلىقىغا چىن پۈتكەندەك بولۇپ خۇشاللىق ۋە سۆيگۈ بەختىيارلىقى بىلەن زىياپەت مەيدانىغا كىردى. كىرگەندە ئايقىز ئۇنىڭ يېنىدا بىللە بار ئىدى...

1991- يىل ئاۋغۇست، خوتەن.

# ھەيران قېلىش

(ھېكايە)

ئىمىن راشىدىن

بۇ چوڭ شەھەرنىڭ ئىچكى - خىزمەتچى-
لىرىنىڭ ئىشتىن چۈشكىنىگە ئالاھىزەل بىر
سائەتتىن ئاشقانىدى. بۇ چاغ تاماق يەپ
بولۇپ ئارام ئېلىۋاتقان باشلىقلارنىڭ ئۆ-
يىگە بېرىپ كەڭ - كۈشادە مېھرى - شەپ-
قەت ئالماشتۇرغىلى، ئېھتىياج ئالماشتۇر-
غىلى، بىر قەدەر قىيىن مەسىلىلەرنىمۇ ئا-
سان ھەل قىلغىلى بولىدىغان مەزگىل ئى-
دى. بىز دەل مۇشۇ پەيتنى تاللاپ، بۇنىڭ-
دىن بەش يىل ئىلگىرى ناھىيىمىزگە ھا-
كىم بولغان، ھازىر بىر نازارەتنىڭ خىز-
مىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان كىشىنىڭ
ئۆيىنى نىشانلاپ ماڭدۇق.

نازىرنىڭ ئايالى بىزنى مېھمانخانىغا
باشلاپ كىرگەندە، ئۇ كىشى سافادا راھەت-
لىنىپ ئولتۇرۇپ گېزىت كۆرۈۋاتقانىكەن.
نازىرنىڭ ناھىيىمىزدە تۇرغان چاغدىكى شامال
سوقۇپ كەتكەن قۇرغاق ياداڭغۇ چىرايى بۇ
شەھەرنىڭ نەمخۇش، ساپ ھاۋاسىدا پارقىراپ
كېتىپتۇ، ئۇنىڭ كەڭ قورساق، مەردانە
خاراكتېرىدىكە نازىرلىق سالاپىتى قوشۇلغان-
دىن باشقا ھېچقانچە ئۆزگىرىش بول-
ماپتۇ.

نازىر بىز بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ
كۆرۈشتى، ئۇنىڭ ئاقپىشماق، كۆزلىرى چوڭ
كەلگەن ئايالى، يېقىملىق كۈلۈمسىرىگەن
ھالدا، ھەر قانداق مېھمانغا تاقابىل تۇر-
غىلى بولىدىغان كىچىك - كىچىك تەخسى-
لەردىكى تەييار نېمەتلەرنى ئارقا - ئار-
قىدىن كەلتۈرۈشكە باشلىدى. پەتنۇس بى-
لەن ھەممىمىزگە چاي تۇتتى.

نازىر كۆرۈشۈش جەريانىدا ئىدارىمىز-
نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياسىن-
نىڭ ئىسمىنى، مالىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى
ئابدۇقادىرنىڭ ئىسمىنى تولۇق ئېيت-
تىپ سالاملاشتى، ھەتتا مەندەك ئاددىي شو-
پۇرنىڭ ئىسمىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماپتۇ. نا-
زىرنىڭ بىزنىڭ ئىسمىمىزنى ئۇنتۇپ قال-
مىغانلىقىدىن ناھايىتى خۇرسەن بولدۇق.
ياسىن جۇيجاڭ، نازىرنىڭ ئانىسى — سا-
رىخان ئانىدىن ئالايىتەن ئېلىپ كەلگەن بىر
پارچە خەت بىلەن بادام مېغىزى قاچى-
لانغان خالتىنى سومكىسىدىن چىقىرىپ نا-
زىرغا تۇتتى ۋە ئۆزىنىڭ سارىخان ئانىنى
يوقلاپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغانلى-
قىنى، سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ ياخشى ئى-
كەنلىكىنى سەممىيلىك بىلەن ئوتتۇرىغا
قويدى، نازىر بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەن
بولدى.

نازىر ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن سۆيۈم-
لۈك يۇرتقا ۋە بىزدەك يۇرتداشلىرىغا ئۆ-
زىنىڭ قىزغىن كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشقا

باشلىدى. ھەر خىل سەيلەر كەلتۈرۈلدى، ئالىي دەرىجىلىك ھاراق بوتۇلكىلىرىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى، نازىر بىر ياندىن ھاراق قۇيغاچ، بىر ياندىن چاقچاق قىلىپ كۈلگەچ سورۇن كەيپىياتىنى ئەۋج ئالدۇرۇشقا باشلىدى، ياسىن جۇيجاڭمۇ ئۆزىنىڭ كېيىنىنى ئۇنتۇپ نازىرنىڭ كۆڭلىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى، ئارىلىقتا ياسىن جۇيجاڭ چاندۇرماستىن ماڭا كۆز قىسىپ قويدى، مەن دەرھال ئەسلىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە نازارەت قوروسىغا چىقىپ، ئۇ يەردە توختىتىپ قويۇلغان ماشىنامنىڭ ئارقا تەرىپىنى ئېچىپ يەشىك ۋە تاغارلارنى نازىرنىڭ ئاشخانىسىغا ئەكىردىم، بىز ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەر ئىچىدە يۇرتىمىزنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى، ھەتتا داڭلىق پىچاقلىرىمۇ بار ئىدى. نازىرنىڭ خانىمى «ھەر قايسىلىرى تولىمۇ بىسەرەمجان بولۇشۇپتىلا» دېگەچ بۇ نەرسىلەرنى قوبۇل قىلدى. مەن چاندۇرماي كىرىپ يەنە قىزغىن ئولتۇرۇشنى داۋام قىلدۇردۇم. نازىر مېنىڭ ھەرىكىتىمدىن گۇمانلانغان بولسا كېرەك، ئاستا ئورنىدىن سۇغۇرۇلۇپ تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى. مەن دەككە-دۈككە ئىچىدە ئىشىكنىڭ قىيا يوچۇقىدىن قارىدىم. نازىر ئايالى بىلەن ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. مەن كۆرگەن ئەھۋالنى ياسىن جۇيجاڭغا ئاستا شىۋىرلاپ ئېيتتىم، ھەممىمىز گەپ-سۆزنى توختىتىپ سۈكۈناتقا چۆمدۇق، ياسىن جۇيجاڭ تەشۋىشلەنگەن ھالدا:

— نازىر بىز ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى قانداق چۈشىنەر؟ — دېدى.

ئابدۇقادىر كوجاڭ ئىشەنچ بىلەن:

— نېمە دەپ چۈشىنەتتى، ئۆز يۇرتىنىڭ كۆڭلى، دەپ چۈشەنمەمدۇ، — دېدى.

ھەممىمىز نازىرنىڭ قايتىپ كىرگەن چاغدىكى چىرايىنى كۆزىتىشكە تەييارلىنىپ تۇردۇق، بىزنىڭ قارىشىمىزچە ئەگەر نازىرنىڭ چىرايى تۇتۇلغان ھالدا كىرسە، بىز ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى سوۋغا-سالام دەپ چۈشەنگەنلىكىنى، بۇنىڭدىن نارازى بولغانلىقىنى، ئەگەر ئۇنىڭ چىرايىدا ئاۋۋالقىدەكلا خۇشخۇي كۈلۈمسىرەش بولسا بىزدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلگەن بولاتتۇق. شۇڭا، بىزنىڭ سىنچى كۆزلىرىمىز نازىرنىڭ چىرايىنى كۆزىتىشكە باشلىدى.

مانا، نازىر ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ چىرايىدا بۇرۇنقىدىنمۇ ئۆتەرەك خۇشخۇيلۇقنى بايقىدۇق، بىزدىكى ئەندىشىلىك كەيپىياتنىڭ ئورنىنى خۇشاللىق بىلەن ئۈمىد گىرەلىشىپ كەتكەن بىر خىل كەيپىيات ئىگىلىدى.

نازىر كۈلۈپ تۇرۇپ:

— نېمانچە ئاۋارە بولدۇڭلار، بۇنداق قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوقتىغۇ؟ — دېدى.

— ئاز بولسىمۇ يۇرتىمىزنىڭ كۆڭلى، — دېدى ياسىن جۇيجاڭ كۈلۈمسىرەپ.

— يۇرتىمىزنىڭ كۆڭلىگە رەھمەت، — دېدى نازىر. ئاندىن بىزنىڭ قايسى مېھمانخانىغا چۈشكەنلىكىمىزنى، قانچىنچى نومۇرلۇق ياتاققا چۈشكەنلىكىمىزنى تەپسىلىي سورىدى. مەن نازىرنىڭ بۇ سوراقلىرىدىن ئۇنىڭ ياتاققا يوقلاپ بارىدىغانلىقىنى قىياس قىلدىم.

— بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭلار، — دەپ سورىدى نازىر.

— شۇنداق، — دېدى ئابدۇقادىر كوجاڭ، ئاندىن سومكىدىن بىر دوكلاتنى ئېلىپ نازىرغا سۇندى، دوكلاتتا ئۈچ قەۋەتلىك بىناغا ئۇل سېلىنىپ بولغانلىقى، قۇرۇلۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا پۇل لازىم ئىكەنلىكى

ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى.

نازىر دوكلاتقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن ياندۇقىدىن قەلىمىنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ تېلېفون قويۇلغان ئۆيىگە چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن نازىرنىڭ «ۋەي! ۋەي!» دەپ تېلېفون بەرگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

نازىر قېشىمىزدا بولمىغان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ھەممىمىز بىر-بىرىمىزگە قاراپ مەنىلىك كۈلۈمسىرەشتۇق. ياسىن جۇيجاڭ باش بارمىقىنى چىقىرىپ نازىرغا ئاپىرىن ئوقىدى، چۈنكى بىزنىڭ پەرىزىمىزچە نازىر بىزنىڭ دوكلاتىمىزغا تەستىق سېلىپ، ئۇنى ھەل قىلىشنى تېلېفون ئارقىلىق ئورۇنلاشتۇرۇۋاتاتتى.

نازىر قايتىپ كىرگەندىن كېيىن سورۇننىڭ كەيپىياتى تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ خۇشاللىقىمىز مەۋج ئۇردى. كىنوخانىنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ كېلىنگەن بەررە كاۋاپ، توخۇ پاچاقلىرى بىزنىڭ جوزىمىزدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى. نازىر بىزنىڭ مېھمانخانىغا قايتىپ كېتىش تەلىپىمىزنى رەت قىلىپ بىزنى يېمەكلىكلەرگە رىغبەت قىلدى. ئولتۇرۇش ئۇزۇن داۋام قىلدى، ئاخىرىدا ھەر بىرىمىزنىڭ ئالدىغا ھورى پۇرقىراپ تۇرغان بىر قاچىدىن شورپا كەلتۈرۈلدى.

ھەممىمىز ھېلىقى شورپىلارنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن قايتىش تەلىپىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. نازىر ۋە ئۇنىڭ ئايالى تەلىپىمىزگە تەسلىكتە قوشۇلۇپ، ماشىنا نازارەت قورۇسىدىن ئايرىلغانغا قەدەر بىزنى ئۇزىتىپ تۇردى.

بىز ماشىنىدا مېھمانخانىغا كېتىۋاتقاچ نازىرنى بولدى دېگۈچە ماختىدۇق، لېكىن ئىدارە باشلىقىمىز ياسىن يەنىلا ئەنسىرەپ:

— نازىر پاك-دىيانەتلىك بولۇش راسا تەكىتلىنىۋاتقان پەيت، بىز ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى باشقىچە چۈشىنىپ قالمىسىلا بولاتتىغۇ؟- دېدى.

— نېمە دەپ باشقىچە چۈشىنىپ قالىدۇ، بىز ئۇ نەرسىلەرنى ئۆزىمىزنىڭ شەخسىي ئىشىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلمىسەك،- دېدى ئابدۇقادىر كوجاڭ.

— بىزنىڭ دوكلاتىمىزدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نەرسىلەر دۆلەتنىڭ ئىشى تۇرسا،- دېدىم مەنمۇ ماشىنامنىڭ خوتىنى يەڭگۈشلەۋېتىپ.

ئاخىرى مېھمانخانىغا يېتىپ كەلدۇق.

زاكالەت قويۇپ ئالغان ئاچقۇچ بىلەن 304-نومۇرلۇق ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىردۇق. ماۋۇ ئالامەتنى كۆرۈڭ:

ياتىقىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىزىپ قويۇلغان نەرسىلەرنى كۆرۈپ ھەممىمىزنىڭ كۆزلىرى جامدەك ئېچىلىپ كەتتى. بىز نازىرنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارغان ئىككى دانە يەشىك ۋە بىر تاغار سوۋغات ياتاقنىڭ پولىدىكى گىلەمنىڭ ئۈستىگە رەتلىك تىزىپ قويۇلغانىدى. يەشىكنىڭ ئۈستىدە بىر پارچە باغاقچە تۇراتتى. ئۇنىڭغا مۇنداق يېزىلغانىدى:

«ياسىن جۇيجاڭ:

سىزلەر ئېلىپ كەلگەن بۇ نەرسىلەر-يۇرتۇمنىڭ ئالاھىدە ئېسىل مەھسۇلاتلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، يۇرتۇمنىڭ كۆڭلى ئەمەس، باشقىچە نەرسە، ئۇ پارتىيىمىز ئەيىبلەۋاتقان نەرسە، خەلقىمىز ئەيىبلە-

ۋاتقان نەرسە، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇشىمىز لازىم. ئەتىلا قايتىپ كېتىڭلار، دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نەرسىلەر ھەل قىلىپ بېرىلمەيدۇ.»

بىزنىڭ بۇ مۇئاۋىن جۇيجاڭ ئېھتىياتچان، قورقۇنچاق كىشى ئىدى. نازىرنىڭ خېتىنى كۆرگەندىن كېيىن «سالاچىلارنىڭ كېپىگە كىرىپ... دانىشمەنلەرنىڭ كېپىگە كىرىپ...» دېدى-دە، يۈرىكىنى تۇتقان پېتى ئاستا سافاغا قىڭغايدى. بىز جۇيجاڭنى ئازراق دەم ئالدۇرغاندىن كېيىن ئۇنى كېچىلەپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردۇق، جۇيجاڭنى داۋالىتىمىز دەپ بۇ شەھەردە ئون نەچچە كۈن تۇرۇپ قالدۇق.

بىز ئىنتايىن پەرىشان ھالدا ناھىيىمىزگە قاراپ يولغا چىقتۇق، بىر ماشىنىنى بىر ئايغا يېقىن ئۈچ كىشى ئۈگچە ئىشلىتىپ، نۇرغۇن سوۋغاتلارنى ئېلىپ، ئالىي دەرىجىلىك ياتاقلاردا يېتىپ بىر تىيىن ھەل قىلالماي قايتقىنىمىز بىزگە تولىمۇ ئەلەم قىلدى. ئىدارىغا بارغاندىن كېيىن يولداشلار ئەتراپىمىزغا ئولىشىپ «قانداق، ھەل قىلىپ كەلگەنسىلەر؟» دەپ سوئال قويسا نېمە دەپ جاۋاب قىلارمىز؟...

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ يېرىم ئەتراپىدا ئىنتايىن خىجالەتچىلىك ئىچىدە ئىدارە قوروسىغا كىرىپ كەلدۇق.

كادىرلار سىياسىي ئۆگىنىش ئارىلىقىدا ئىدارىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۈللۈكنىڭ ئەتراپىدا دەم ئېلىۋاتقانىكەن. ئۇلار بىزنىڭ كىرگەنلىكىمىزنى كۆرۈپ ئەتراپىمىزغا گۈررىدە ئولاشتى. بىز ئۇلار بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق. كۆرۈشۈش جەريانىدا «قانداق، ھەل قىلىپ كەلگەنسىلەر؟» دېگەن قورقۇنچلۇق سوئاللار ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. لېكىن ئەھۋاللىشىپ بولغاندىن كېيىن بۇ قورقۇنچلۇق سوئاللار ھامان سورىلاتتى، بىز ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتۇق.

تۇيۇقسىزلا توپنى يېرىپ ئىدارىنىڭ باشلىقى يېتىپ كەلدى. ئۇ ئىنتايىن خۇشاللانغان ھالدا:

— يارايسىلەر، يارايسىلەر. بۇ قېتىمقى سەپىرىڭلار ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى، ھازىرلا ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسىدىن تېلېفون ئالدىم، نازارەت بىزنىڭ ئىدارىنىڭ نامىغا ئاتاپ تۆت يۈز ئەللىك مىڭ يۈەن ئەۋەتىپتۇ، — دېدى.

ئەتراپىمىزدا تۇرغان كۆپچىلىكمۇ ئېغىزى - ئېغىزىغا تەگمەي «قولىدىن ئىش كېلىدۇ، بۇلارنىڭ... مۇناسىۋەت ئىشلىرىنى بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇلارلا قىلىپ باشقا ئېلىپ چىقسا بولغۇدەك... مۇنچىۋالا پۇلنى ھەل قىلماق ئاسانمۇ...» دېيىشىپ كەتتى.

يۇقىرىقى گەپلەر داۋام قىلىنىۋاتقاندا بۇ قېتىمقى سەپەرگە قاتناشقان ئۈچ كىشى كۆزلىرىمىزنى جامدەك ئېچىپ بىر - بىرىمىزگە ھەيرانلىقتا قاراشتۇق، بۇ بىزنىڭ مېھمانخانىدا قايتۇرۇلغان سوۋغاتلارنى كۆرگەندىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىملىق ھەيران قېلىشىمىز ئىدى.

# ئىككى ھېكايە

## ئەركىن مەتتۇرسۇن

### سالامدىن كېيىن

— ھەممە ئىش سالامدىن كېيىن باشلاندى. ساقچى ئۇكام، — دېدى ئالدىمدا ئولتۇرغان قىرىق بەش ياشلاردىكى دېھقان چىراي جاۋابكار كۈلۈمسىرەپ، — خالىسىڭىز باش ئايىغى بىلەن سۆزلەپ بېرەي.

— ھە، قېنى سۆزلەڭ.

ئەسلىدە «سۆزلە» دېمەكچى ئىدىم، ئەمما ئاتا سۈپەت بۇ ئادەمگە ئۇنداق دېيەلمەي قالدىم. ئۇ بېشىغا بادام دوپپا كىيىۋالغان، بۇرۇت قويغان، چاچ-ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، ئۆڭى قارا ئادەم ئىدى. چىرايىدىن ئاق كۆڭۈللۈكى، راستچىللىق، سەمىمىيلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ تىزى ئۈستىگە قويۇۋالغان قورۇق سەپەر سومكىسىنى ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا قويدى-دە، ئالدىرىماي جەنۇب تەلەپپۇزى بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىز دېھقان خەق بەكمۇ ساددا كېلىدىكەنمىز ئۇكام، تاس-تاس قالدىم ئەسلى ۋەسلىمدىن ئايرىلغىلى. ئەسلى مەن بۇ شەھەرگە خوتۇنۇمنىڭ كېسىلىنى داۋالاتقىلى كەلگەن، كەلگىلى بىر ئايدىن ئاشتى خوتۇنۇمنىڭ «ساقايماس» كېسىلى ياخشىلاندى. يۈرىكىمدە ئالەمچە خۇشاللىق دەگا ئۇكام. ئۆيدە يولىمىزغا قاراپ ئولتۇرغان تۆت بالامنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم بۇ دوختۇرلارنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ خىسلەتلىك قوللىرىغا سۆيگۈم كېلىدۇ. تۈنۈگۈن خوتۇنۇمنىڭ كېسىلىنى داۋالىغان ھېلىقى خىزىر سۈپەت دوختۇرمۇ مۇشۇ ئۈچ-تۆت كۈن ئىچىدە دوختۇردىن چىقساق بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئايال بىلەن مەسلىھەت قىلىپ ئېشىپ قالغان پۇلغا ئازراق بىر نېمە ئالغاچ كېتەيلى دېگەن يەرگە كەلدۇق. ئورۇق-تۇغقان، بالا-ۋاقا بار ئەمەسمۇ؟ ئۇنىمۇ «بازارغا بىللە چىقايلى» دېسەم «ئاران ساقايدىم، ئۈزۈلۈپ قالىمەن» دەپ ئۇنىمىدى، شۇنداق قىلىپ ئۇنى دوختۇرخانىدا قالدۇرۇپ ئۆزۈم بازارغا چىقتىم. يۇرتۇمدىن بۇنداق ئۇزۇن ۋاقىت ئايرىلىپ باقمىغانىكەنمەن، يولدا مېڭىۋېتىپ ئەتراپىمغا قارايمەن، ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن تاپاننى قويغۇدەك بوش يەر يوق، ئەمما ھەممىسى ناتونۇش كىشىلەر، ھېلىقى ئادەملەر ماڭىدىغان يان يولدىن كېتىپ باراتتىم، ئوڭ يېنىمغا قارىسام بايىقى ياش مەن بىلەن ياندىشىپ كېتىپ بارىدۇ. كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈندى، قاراپ كۈلۈمسىرىدىم، ئۇمۇ كۈلۈپ سالام قىلدى، مەنمۇ سالام قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاكا بۇ سىزمۇ؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام سىز...

— توۋا سىزنى بۇ يەردە ئۇچرىتارمەن

دەپ ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. بۇنداق چوڭ شەھەرلەردە يۇرتداش دېگەن دوست، قوشنا، دېگەن تۇغقان... كەپقاپتىكەنسىز.

— ئايالنى داۋالاتقىلى...

— قانداقراق؟

— ساقايدى.

— خۇداغا شۈكرى، كوچا ئايلىنىۋېتىپسىز - دە.

— ياقەي، بالىلارغا ئازراق بىر نېمە ئالىمىز دەپ...

— ھە راست، سىز بۇ شەھەرنىڭ ياخشى ماگىزىنلىرىنى بىلمەيسىز. ھۆكۈمەتىمىزنىڭ ماگىزىنلىرى كاززاپلىشىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى يېرىم باھادا شەخسلەردىن سېتىۋالغىلى بولىدۇ. مەن سىزنى باشلاپ باراي.

بۇ بالىنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىۋىدىم، ھېچ ئەسلىيەلمەي قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مېنىڭ ئويلاپ، ئەسلىشىمگە ۋاقىت بەرمەي خۇددى قاپاقتىن سۇ تۆككۈلگەندەك سۆزلەپ ماگىزىنغا باشلاپ ماڭدى. چوڭ يولدىن قايرىلىپ بىر خىلۋەت كوچىغا كىرىۋىدۇق، ھېلىقى «يۇرتلۇقۇم» شاقىدە ئارقىسىغا قايرىلىپ پارقىراپ تۇرغان قوش بىسلىق پىچىقىنى قورسىقىمغا تىرىدى. قاراڭ ئۇكام، مانا مۇشۇ يەر، ئازراق تېشىپ‌ۋېتىپتۇ. «توۋا، تونۇشتەكلا قىلاتتى. بەلكىم كىنولاردا مۇشۇنداق ئادەمسۈپەت بىرەر ئالۋاستىنى كۆرگەن بولغىدىم» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. ئۇنىڭغىچە ئۇ «تونۇشۇم» راست گېپىنى دەۋەتتى:

— پۇلغا تۇرامسەن، جانغىمۇ؟

— توۋا دەيمەن ساقچى ئۇكام بۇنى خىلۋەت كوچا دېگىنىم بىلەن ئىنىسى - جىنى ماڭمايدىغان يەرمۇ ئەمەس.

يېنىمىزدىن ئانىدا - سانىدا ئادەم ئۆتۈپمۇ تۇرىدۇ. گويا ئۇلاز قورسىقىمغا تىرەلگەن پىچاقنى كۆرمىگەندەك پەرۋاسىز، كۆرۈپ قالغانلىرى بولسا كۆزلىرىنى «يۇمۇپ» ياكى باشقا تەرەپلەرگە قاراپ تېز-تېز كېتىپ بارىدۇ. قانداق قىلىمەن ئۇكام؟ پۇل بىلەن جان ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە ئوخشاش مۇھىم نەرسە. جان مۇھىم، لېكىن جاننى ساقلاش ئۈچۈن پۇل بولمىسا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كالىۋالىق قىلىپ مەزلۇمنى داۋالىتىشتىن ئاشقان تۆت يۈز يۈەن پۇلنىڭ ھەممىسىنى كالتا شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ چىقىپتىمەن. تۆش يانچۇقۇمدا دوختۇرخانىنىڭ تاماق بېلەتلىرى بىلەن يىگىرمە يۈەنىدىن ئارتۇقراق پۇل تۇرۇپتۇ. جانغا تۇرۇپ بۇ پۇللارنى بۇ ناكەس بۇلاڭچىغا بېرىپ قويسام، بىز ئىككى ئادەم نېمە يەپ، ئۆيگە قانداق قايتىمىز؟ بىز پۇل سورايدىغان ئادەملەر نەدە تۇرۇپتۇ؟ بۇ ئىشنى سىلەرگە مەلۇم قىلىپ بولغۇچە بۇ بۇلاڭچى قاراپ تۇرارمۇ؟ سىلەر ئۇنى بۇنداق ئادەم دېگىزدىن قانداق سىزۇۋالالايسىلەر؟ ئەگەر پۇلغا تۇرسامچۇ؟ ئۇ قولىدىكى پىچاقنى يەنە بىر قېتىم ئىتتىرسا ئۆزۈمنى ئۇدۇنيادا كۆرىمەن، بۇنداق ئۆلگەنلەر ئازمۇ ئۇكام؟ شۇنىڭ بىلەن يەرگە ئىشلەتكەن دېھقان كالىنى ئىشلىتىپ باقتىم. «توختا سەن بايقۇش تازا بولساڭ يىگىرمە بەشلەردە، مەن دېگەن ئەللىكلەرگە يېقىنلاشقان ئادەم، ئەقىل دېگەن ياشتا ئەمەس باشتا »

— جانغا تۇرسامچۇ ئۇكام؟

— پۇلنى بېرىسەن.

— پۇلغا تۇرسامچۇ؟

— جاننى، تولا لاۋزىلاشماي تېز بول قېرى.

— مېنىڭ جېنىم ساڭا نېمىگە كېرەك

بولۇپ قالدى ئۇكام؟ پۇل تېپىلىدۇ، جان تېپىلمايدۇ ئۇكام، جاننى ئالمىسا ئەۋمادا پۇل دېگەن، ساپ ـ ساق تۆت يۈز يۈەن، شۇنىسى ئۇكام بىر ئېلتىماسىم بار، پېچىقىڭ شۇنداق چىرايلىق ئىكەن، كۆزۈم چۈشتى. مانا بۇ يىگىرمە يۈەنلىنىۋ بېرەي، ماڭا قالدۇرۇپ كەت. يادىگار بولۇپ قالسۇن.

— تۇتە ئەخمەق قېرى.

قاراڭ ئۇكام ئويلىمىغان يەردىن ئاتقان ھوشۇقۇم سىيا چۈشتى. ئۇ ساپلىرىغا كۆز قويۇلغان چىرايلىق پىچىقىمنى ئالدىمغا تاشلاپ قويۇپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى. پىچاقنى قولۇمغا ئېلىپ بىر سەكرەپ ئالدىغا ئۆتتۇم ـ دە، ياقىسىدىن قامالاپ پىچاقنى قورساقىغا ئەمەس، دەل كېلىغا تىقتىم. ئۇ ياش تېخى پۇلنى جايلاشتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدى.

— ۋاي جېنىم دادا، چاقچاقلاشتىم، مانا پۇلىڭىز...

ساقچى ئۇكام ئىش مانا مۇشۇنداق بولدى. مېنىڭ قولۇمدا پىچاق، ئۇنىڭ كېلىغا تىرەلگەن، ئۇنىڭ قوللىرىدا پۇل. ئۇ تار كوچىدىن چوڭ يولغا، ئۇ يەردىن سىزنىڭ يېنىڭىزغا كەلدۇق. ئۇ دەيۈز يولدا ماڭغىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن پىچاقنىڭ ئۇچى ئۇنىڭ كېلىنى ئازراق زېدە قىلىۋەتتى بولغاي...

ھۆرمەتلىك كىتابخان، بۇ پەقەت ئۈنئالغۇ لېنتىسىدىن ئاتلاپ كۆچۈرۈلگەن ئاددىي ئوقۇشلۇق. ئەزبىرايى خۇدا، بۇلارغا بىرەر ئېغىز ئۈن قوشۇلۇپ قالغىنى يوق. مەن بىر ساقچى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن ھەر قايسىڭىزلاردىن مۇشۇنداق جىددىي پەيتلەردە ئەقىل ـ ئىدرىكىڭلارنى ئىشقا سېلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## كۆڭۈلدىكىدەك سودا

— دورا ـ دەرمەكلىرىڭ تۈگىگەن ئوخشىمامدۇ؟ ـ دېدى سايىمجان ئايالىغا، ئالدىدىكى بىر پىيالە قايناقسۇغا قاراپ.

— تۈگەپ قاپتىكەن، چايدىن كېيىن ئەكىرەي دەۋاتىمەن، ـ دېدى ئايال پىيالىغا قەنت تاشلاۋېتىپ.

— ئوغلۇڭنى چاقار، بويى تۆگىدەك بولۇپ قالدى، ئاز ـ تولا سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنىمۇ ئۆگىنىپ قويسۇن.

— ئەسئەت!

ئانا ئارقا ھويلىدا قانداقتۇر بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان توققۇز ياشلىق ئوغلىنى چاقىردى.

— نېمە ئىش ئانا؟

— مەن دائىم چايلىق دورا سېتىۋالىدىغان ھېلىقى كۆز ئەينەك تاقايدىغان بوۋاينى تونۇمسەن؟

— تونۇيمەن ئانا.

— ئەمسە بۇ پۇلغا مۇنۇ چايلىق دورىلارنى ئەكىرگىن.

ئانا ئالقانچىلىك قەغەزگە كېرەكلىك دورىلارنىڭ نامىلىرىنى يازدى، ئۇنىڭغا ئىككى يۈەن پۇلنى قوشۇپ بالىسىنىڭ قولىغا تۇتقازدى.

ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن بالا بازاردىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىككى قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇۋالغانىدى.

— ھە كىردىڭمۇ، سېتىۋالغان دوراڭ قېنى؟ ـ دېدى سايىمجان ئوقۇۋاتقان كىتابىدىن كۆزىنى ئېلىپ.

بالا مەجەزى چۈش دادىسىدىن بىر ئاز

ئەيمىنىپ رەك ئالدىغا كەلدى ۋە ئارقىسىغا تۇتۇۋالغان «دوردىلار» نى، يەنى قېلىن بىر كىتابنى دادىسىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— «ناۋايى»!؟

ھاياجاندىن سايىمجاننىڭ كىتابقا ئۇزاتقان قولى تىترەپ كەتتى. ئەسىمەتنىڭ ئەكىرگىنى ئۆزبېك يازغۇچىسى ئايبېك يازغان تاشكەنت باسمىسىدىكى قاتتىق مۇقاۋىلىق «ناۋايى» دېگەن رومان ئىدى.

— بۇنى نەدىن ئالدىڭ؟

— دورا ساتىدىغان بوۋايدىن سېتىۋالدىم، دورا ساتىدىغان بوۋاي مۇشۇ كىتابنىڭ قەغىزىگە باشقىلارغا دورا يۆگەپ بېرىۋاتقانىكەن، مەن ئانام دورا سېتىۋېلىشقا بەرگەن پۇلغا مۇشۇ كىتابنى ئالدىم.

ئادەتتە ئانچە قاپىقىنى ئاچمايدىغان بۇ ئادەم ئوغلىنىڭ قۇچىقىغا ئېلىپ باغرىغا باستى، پېشانىسىدىن سۆيدى.

ئوغۇل شادلاندى. ئۇ دادىسىنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىقنى كۆرۈپ ئېچىلىپ پاراڭ قىلىشقا باشلىدى.

— بۇ كىتاب ياخشى ھە دادا؟

— بۇ كىتاب بەك ياخشى بالام، بۇنى سەن نەدىن بىلدىڭ.

— بىلمەن، سىز بۇنداق كىتابلارنى ئىشكاپنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى قەۋىتىگە سېلىپ قۇلۇپلاپ سالىسىز، قايسى كۈنى ئوچۇق قاپتىكەن، ئورۇندۇق ئۈستىگە چىقىپ ھەممىنى كۆرۈۋالدىم. مەن چوڭ بولغاندا ئاشۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇيمەن، ماقۇلمۇ دادا؟

— ماقۇل بالام.

— دادا مەن ھېلىقى بوۋايدىن «بۇنداق كىتابتىن يەنە بارمۇ» دەپ سورىدىم.

— نېمە دېدى؟

— «بار، جىق بار، كېرەكسىز گېزىت بولسا ئېلىپ كېلىڭ، مەن مۇشۇنداق كىتابلارغا ئالماشتۇرۇپ بېرەي» دېدى.

— ئەمىسە ئورنۇڭدىن تۇر قوزام، ئۆيدىكى كېرەكسىز گېزىتلەرنى يىغ.

ئوغۇل خۇشال ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىملىق سودىسىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ چىققانلىقىنى ئويلىغىنىدا ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. ئۇ ئۆيمۇ ئۆي يۈگۈرۈپ يۈرۈپ گېزىت يىغماقتا ئىدى. ئوغۇلنىڭ دادىسى ئورنىدىن تۇرغاندا ئۆزىنىڭ قاتتىق ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. ئۇ سۇ توڭى يېنىغا كەلدى – دە، دورا – دەرمەك بىلەن دەملەنگەن قىزىق چاي ئەمەس، بەلكى مۇزدەك سوغۇق سۇدىن يوغان ساپلىقتا بىر ساپلىق سۇنى ئۆرە تۇرۇپ ئىچىۋەتتى.

---

(بېشى 85– بەتتە)

سۆگەتكە قونۇۋېلىپ خۇش ياقمىغاندەك يېقىمسىز ئاۋازدا سايرىماقتا. پۈتكۈل كائىنات ئادەمسىز دالىدىكى يالغۇز كەپىدەك غېرىبانىلىقتا ياتقان، ھەممە ياقتىن مۇڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ. يىراقتا كۆزگە غۇۋا تاشلىنىپ تۇرغان قاقاس دۆڭلۈك تېخىمۇ بىچارە ھالەتتە تۈگۈلۈپ ياتىدۇ.» بۇ تەسۋىر ئادەتتىكى باھار، ياز كۈنلىرى يامغۇر ياغقاندىن كېيىنكى مەنزىرە تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەردىكىگە ئوخشىمايدۇ. سەۋەب، ئاپتور تەبىئەت مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەشنى پېرسوناژنىڭ روھىي ھالىتىنى ئىپادىلەشكە ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇرغان. بىز يۇقىرىدىقى تەبىئەت تەسۋىرىدىن قەدىرىدان دوستى ۋاپات بولغان ئادەمنىڭ روھىي قىياپىتىنى كۆرەلەيمىز.

ئومۇمەن، «كۈلگە شەيدا مۇھەببەت»... مۇھەببەتنى يېڭىچە تەسۋىرلەشنىڭ بىر ئىزلىنىش مېۋىسى، ئىزلەنگەنسېرى تۇرمۇشتىن يېڭى دېتاللارنى تاپقىلى، ئىپادىلەشتە يېڭى يول تاپقىلى، چىنلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ياخشى ئەسەر ياراتقىلى بولىدۇ.

1991 – يىلى 7 – ئاي، ئۈرۈمچى

# ئۈچ شېئىر

## مەتتۇرسۇن ئەبەيدۇللا

### دالا ناخشىسى

دوزاخ دەيدۇ مېنىڭ ئاڭا كىرگۈم يوق پەقەت،
كىرەي دېسەم بېرىلمەيدۇ جەننەتنىڭ خېتى.
ئۇندىن كۆرە ئۆلسەممۇ گەر سېنىڭدە قالاي،
يۇتۇپ كەتسۇن چاتقاللىرىڭ مېنى شۇ پېتى.

بالىلىقىم ئۆتكەن سەندە قۇشلاردەك ئەركىن،
ۋۇجۇدۇمغا ئېلىپ تۇنجى ئىنتىلىش ھېسسى.
ئېقىنلىرىڭ ئەللەيلىسە شېرىن چۈش بېرىپ،
توغراقلىرىڭ سۆزلەپ بەرگەن مەردلىك قىسسىسى.

بار ئېسىمدە، ئۇنتۇلمايدۇ ئۇنداق شېرىن چاغ،
چىمەنلىرىڭ ئاستىمغا بولغان سېلىنچا.
بويلىرىڭدا يۈرگەن چېغىمپ، تايدەك قىيغىتىپ،
بۇلۇتلارنى سۈرەپ يۈرۈپ، قىلىپ پېيىنچا.

بىلىۋالغان ئىسقىرتىشنى تورغايلىرىڭدىن،
ئاۋغۇستتىكى ئاپتىپىڭدىن ھەمدە كۈلۈشنى؛
پۈرۈۋالسا بويلىرىڭنى چاڭقاق شامىلىڭ،
ئېتىپ بەرگەن گۈلۈڭ گۈلنى قانداق سۆيۈشنى.

ئاقتىكەنلىرىڭ قاپلاپ تۇرغان چاتقاللىق-
لىرىڭ،
ئېلىپ قالغان كۆڭلىكىمنىڭ پېشىنى يىرتىپ.
كەلسەم سەھەر ناخشا ئېيتىپ قويۇمنى ھەيدەپ،
يۇلتۇزلارمۇ ئۇرۇكۇپ كەتكەن چۆچۈشۈپ كېتىپ.

تۇرار ئەنە تېمەك قىيادا دۇمچەك بىر سۆگەت،
ھاپاش بولغىن دەيدۇ مېنى ئاستا شەرەتلەپ.
يۇلغۇنلىرىڭ تەلمۈرۈشۈپ بويىنىنى قىسىپ،
سۆيگىن دەيدۇ كاككۇك گۈلى لېۋىنى تەڭلەپ.

توقايلىرىڭ چىمىرلىتىپ قىسسا كۆزىنى،
قىيا قىلاردا دومىلايدۇ مۆلدۈرلەپ شەبنەم.
يېنىككىنە ئۇرۇپ قويۇپ پۇشقاقلىرىمغا،
يانتاقلىرىڭ چاقچاق قىلار پىچىرلىشىپ ھەم.

كەلگىن دەيدۇ چەكسىز قوينۇڭ يېقىملىق كۈلۈپ
گىياھلىرىڭ كۈيى ياڭرىتىپ تەبەسسۇم تۆكۈپ.
بەخت تۇغقان ئاشۇ گۈزەل قاپتاللىرىڭدا،
مەن كۆپلىگەن نەرسىلەرنى قويغان يۇتتۇرۇپ.

دوزاخ دەيدۇ مېنىڭ ئاڭا كىرگۈم يوق پەقەت،
كىرەي دېسەم بېرىلمەيدۇ جەننەتنىڭ خېتى.
ئۇندىن كۆرە ئۆلسەممۇ گەر سېنىڭدە قالاي،
يۇتۇپ كەتسۇن چەكسىز قوينۇڭ مېنى شۇ پېتى.

چىمەنلىرىڭ يەرلىكىمدە بولسۇن كېپىنىم،
تورغايلىرىڭ ئورۇنلىسۇن ماتەم كۈيىنى.
يۇلغۇنلىرىڭ بېشىم كېلىپ ئوقۇسۇن قەسىدە،
ئېقىنلىرىڭ ئىچۈرۈپ قويسۇن ياسىمىن سۈيىنى.

### يېشىللىقنى سۆيىمەن

ھېرىسمەن ئەزەلدىنلا يېشىللىققا،
سۆيىمەن يېشىللىقنى چىن دىلىمدىن.
يېشىللىق ھاياتلىقنىڭ مەنىسىدۇر،
تۆرەلگەن مەنمۇ ئەسلى يېشىللىقتىن.

يۈركەلگەن يېشىللىققا يۇرتۇم مېنىڭ،
ھەتتاكى قۇملىرىمۇ ئۇنىڭ يېشىل.
زۇمرەتتەك يېشىل ئۇنىڭ سۇلىرىمۇ،
يېشىلدۇر ۋادىسىمۇ شۇنداق ئېسىل.

مەن ئۆسكەن يادا بېقىپ يېشىللىقتا،
ۋە يەنە يېشىللىقتىن گۈللەر تېرىپ.
يا پېيىشىل دالىلارغا بولۇپ مەپتۇن،
قوغلىشىپ كېپىنەكلەر، ناخشا ئېيتىپ.

يېشىللىق ئانام مېنىڭ، تۇغقان مېنى،
كۆرپە سېپ ئاستىمغا يوپۇرماقتىن.
مەن چۈشۈپ ئۇرۇق بولۇپ يېشىل قوينغا،
تۇس ئېلىپ ئۆسكەن غاچچا — قىيا قىلاردىن.

بۆشۈك بوپ ئەللەيلىگەن يېشىل قىشلاق،
ئېسىمگە سېلىپ يېشىل چۈشلەرنى ھەم.
مەڭزىمگە سۆيگەن يېشىل شاماللىرى،
يېشىللىق ئېتىزلىرى گۈزەل، كۆركەم...

مەن ئۆسكەن يېشىل باراڭ ھويلىلاردا،
سۇ ئىچىپ يېشىل چىمەن بۇلاقلاردىن.
يېشىللىق ئورمانلاردا سۆيگۈ سورىغان،
كەيىمنى يېشىل ئوماق قىزچا قىلاردىن.

سۆيىمەن يېشىللىقنى چىن دىلىمدىن،
يېشىللىق دۇنياسىغا شەيدا قەلبىم.
روھلىرىم سىڭىپ كەتكەن يېشىللىقتا،
يا پېيىشىل يۇرتۇم مېنىڭ، شۇدۇر بەختىم.

## ئۇچراپ قالدى يولدا بىر بوۋاي

ئۇچراپ قالدى يولدا بىر بوۋاي،
ساقىلىدا يەلپۈنەر قۇياش.
تۇرۇم - تۇرۇم يۈزدىكى قورۇق،
كېلەچەكنىڭ يوللىرى ئوخشاش.

رۇسلىغاندا يادەك بېلىنى،
كەتتى بىردىن تاغلار قاراسلاپ.
چوقۇلغاندا يەرگە ھاسىسى،
ئۇپۇقلاردىن ياندى ئوت چاقناپ.

قارىدى ئۇ سىنچىلاپ ئۇزۇن،
تىنەپ قالدى لېۋىدە سوئال.
قارىچۇقلىرى كەتتى يوغىناپ،
تونۇيالماي قالدى ئېھتىمال.

كىرپىكىمگە ئىلىندى شەبنەم،
ئۇنىڭ ئۆچكەن كۆزىگە قاراپ.
ئۇندا كۈلۈپ كىچىك بىر بالا،
ئولتۇراتتى ئايدىڭ كېچىدە،
زاڭىقىنى تىيىنىپ ھېلىمۇ،
چۆچەكنى بوۋاينىڭ تىڭشاپ.

# شېئىرلار

### ئابدۇغېنى سېيىت

## شائىر دوستۇمغا

يازسەن دوستۇم شېئىردۇر، چەش قىلىپ،
نەزمىگە ئىشقىڭنى ئوت - ئاتەش قىلىپ.

بۇ ھايات، تۇرمۇش ئەزىم قاينام ئىرەن،
ئۈزىسەن ئۇندا كاراپ بوپ مەشق قىلىپ.

سەن قۇچۇپ ھۆرمەت - ئىجادتا ئۆرلىدىڭ،
نەچچىنى قويدۇڭ پەگادا كەش قىلىپ.

قىلمىدىڭ كىبىرە، تەمانا تۆھپىگە،
ناخشا - ئەشئارىڭنى ئەسلا پەش قىلىپ.

سۆزلەرىڭ ئويناق، چۇچۇك، يېكرىڭ يېڭى،
تاۋلىغاچ ئىشقىڭنى يالقۇن - مەش قىلىپ.

بىللە چۈشكەنتۇق قەلەمدە بەيگىگە،
سەن ئۈزۈپ كەتتىڭ يىراق، جىق مەشق قىلىپ.

شېئىرىڭ قاشتاش ئىرەندە چاقنىغان،
دېمىدىڭ بولدى كوۋۆك يالەش قىلىپ.

دېمىدىڭ بېكەتتە مەن، ماڭدىڭ ھامان،
كىم ئىرىشچان شۇنى دوست-دىلكەش قىلىپ.

بەزىلەر باغرىنى كۆيدۈردى ھەسەت،
مەنزىلىنى بەك يىراق چۆل- دەشت قىلىپ.

سېغىزخان ئەنقا بولالماس، قاغا توز،
قىلسىمۇ پەردازنى جىق ھەش-پەش قىلىپ.

دورىغاق شاتۇتى بۇلبۇل بولمىغاي،
قانچە ۋايسىمۇ دىلىنى غەش قىلىپ.

دەۋرىمىز، ئەل رايى ئادراق تۆھپىگە،
توختىما كىتابنى ئون - ئونبەش قىلىپ.

## سالام

سالام قاشتاش دىيارىدىن قەدىم ئاستانە تۇرپانغا،
ئۈزۈمزارى بولۇق، بەرنا، سەھەر يەكتاسى چولپانغا.

بۇ ئۆلكەمنىڭ باھار - يازى سېنىڭدىن باشلىنار دائىم،
تېغى يالقۇن، بېغى جەننەت، ھاۋاسى ئەينى گۈلخانغا.

چېلىپ گارمون ئوقۇپ «سەھرا قىزى» نى شاد كۈلۈپ چىقسا،
ناۋاسى دىلغا زوق، ئىلھام يىگىت قىزدىقچى قۇربانغا.

تۇتاي مەي قاشتېشى جامدا، نە مەيكى ئۇ يۈرەك نەزمەم،
بەخش ئەتسە ھوزۇر شادمەن يىگىت، قىز ئەھلى ئىرپانغا.

كېلىڭ مېھمان بولۇپ بىزگە، كۆرۈڭ كۆركەم گىلەم، ئەتلەس،
تۇتۇپ چىققاي غېنى سىنچاي شۇدەم ھۆرمەتتە مېھمانغا.

## ئوتمۇ

گۈزەل تۇرپان سېنى ھەممە دېدى ئىسسىق، ئۆزۈڭ ئوتمۇ؟
تىلىمدىن تەمى كەتمەس سۇ، تېتىملىق ئاش، تۇزۇڭ ئوتمۇ؟

سېنى تەرىپلىسە ھەركىم ئاقار دەريا بولۇپ تەۋسىپ،
ئۈزۈمزاردىكى «ئايخان» لار سوراي ئاھۇ كۆزۈڭ ئوتمۇ؟

ئانا يۇرتىمنى گۈللەشكە پىدا كارىزچى ئوغلانلار،
ئاڭا جۆر مۆھتىرەم قىزلار تولۇنئايدەك يۈزۈڭ ئوتمۇ؟

كۆڭۈللۈك بەزمە - كەچلەردە مېنىڭ مەيلىمنى ئۇتقان شوخ،
جاراڭلىق ناخشا، چاقچاقلار يېقىملىق گەپ - سۆزۈڭ ئوتمۇ؟

سەپەر پەيتىدە كۆزنەكتىن سۆيەر مەڭزىمنى بىر ئاتەش،
غېنى قويدى سوئال، تۇرپان پايانسىز تاغ، تۈزۈڭ ئوتمۇ؟

## شادلاندىم

ئۆيۈمدە قىزىدى بەزمە دۇتار ئاۋازى، شادلاندىم،
نە بەزمە قىزىدى لەرزان ئۇسسۇل پەرۋازى، شادلاندىم.

ئېچىپ تۇرپان ئۈزۈمىدىن مەي بۇ جان يايرىدى، زوقلاندى،
بولۇپ مېھمانلىرىم مەمنۇن دېگەندى رازى شادلاندىم.

نىچۇن كۈلمەيدۇ ساھىبخان ئەزىز مېھمانلىرى كۈلسە،
كى ياڭراپ مەرغۇلى تەمبۇر ئۈزەر سەرۋازى شادلاندىم.

دېدىم ياشنا ئۈزۈمزارلىق، دېدىڭ: بەختىم ۋىسال تاپتى،
بۈگۈن ئاچتى چىراي ئىقبال قىزى — گۈلنازى، شادلاندىم.

سېنىڭ پەيزىڭ گۈزەل تۇرپان ياراتتى بىر غەزەل - ناخشا،
غېنى شەنىڭگە كۆي قاتسا جاراڭلار سازى، شادلاندىم.

## دوستۇمغا

تەرلىدىم جۇۋاڭدا دوستۇم نەچچەرەت،
مېجەزىم ئۇڭشالدى «سۆيۈندۈم» شۇنچە.
يۆتكىدىم بېغىڭدىن ئەنجۈر ۋە ئانار،
يەپ شېرىن مېۋىسىنى تويۇندۇم شۇنچە.

ۋە لېكىن ئارىدىن ئۆتمىدى ئۇزۇن،
ئەقىدە، ئەجرىڭنى ئۇنتۇدۇم، قاچتىم.
تاراتتىم ئارقاڭدا ئۇيالماي ئۆسەك،
ئالدىڭدا كۆزۈڭگە كۈل - توپا چاچتىم.

## ياشلىقىم

باي سەن غەيرەت، خىسلەتكە،
ئالتۇن چېغىم، ياشلىقىم.
پەرۋانىسەن كۆيۈسەن،
پەن، مېھنەتكە شادلىقىم.

سەندە يۈكسەك مەنا بار،
بىەندە يۈكسەك كەيپىيات.
چېچەكلەيدۇ ئەجرىڭدە،
ۋەتەن، ئەمگەك، كەشپىيات.

كۈل ياشلىقىم يالقۇن سىن،
ئوت ياقىسەن دىللارغا.
ناخشا بولۇپ ياڭرايسەن،
مېدال تاقاپ يىللارغا.

# ئۈچ شېئىر

**ئوبۇلخەيرى ئىمىن**

## ساداقىتىم قالسۇن خانەمدە

زورلىماڭلار ئۆيۈمدە مەيگە،
زورلىماڭلار كۈلكىگىمۇ ھەم.
چۈنكى بۇ ئۆي ئاتامدىن قالغان،
روھى ھەمراھ بىزلەرگە بۇدەم.

گەۋدىلىنەر ئاتام ئوبرازى،
ئۆي ئىچىدە قاياققا باقسام.
قالار ئۇنىڭ روھى قورۇنۇپ،
سىلەر بىلەن بىر رومكا قاقسام.

كۈلكە قوزغاپ يۈرسەم مەست-ئەلەس،
ھازا تۇتقان ئۆيۈم كۆچۈرمەس.
يۈك بولماڭلار ساداقىتىمگە،
پاك ۋىجدانىم خورلۇق كۆتەرمەس.

ياشنار دوستلۇق كۈلكىسىز-مەيسىز،
ساپ ئەقىدە بولسا ئادەمدە.
زورلىماڭلار خوشۇم يوق ئىشقا،
ساداقىتىم قالسۇن خانەمدە.

## باغلارغا باقسام

ئويناتتى ساچىمنى باھار شامىلى،
خىيالىم يىپلىرى كەتتى ئۈزۈلۈپ.
ھۆپپىدە ئېچىلغان باغلارغا باقسام،
سەينادا بوز تورغاي سايرار خۇرسىنىپ.
...
ئۇ تىنىماي كۈيىدە «قاناتسىز شامال،
گۈللەرنىڭ تەمىنى ئېلىپ كەتتى» دەر.

بۇ ئىشقا ئىشەنمەي، تۇرسام تېڭىرقاپ،
راستلىققا گۇۋاھلىق بەردى ئانا-يەر.

شاماللار گۈللەرنى كېتەركەن ئالداپ،
ھەر باھار ئۇشبۇ ھال كۆرۈلەر تەكرار.
ئالدانماس كۆڭلۈمنىڭ شېرىن تۇيغۇسى،
مۇقەددەس چوققىلار روھىمغا ئىقرار.

## يۈكسىلىش سىرى

ئۆتكەن يىللى كېلىپ مەركەزدىن،
يېزىلارنى كەچۈردى كۆزدىن.
دېدى ئۇلار — سېلىمگىلار ياخشى،
دېھقانلارنىڭ ئۆيىنى تېزدىن.

ۋىلايەتتىن جايلارغا قەدەر،
كونا-يېڭى، چوڭ-كىچىك رەھبەر.
ئۆي قۇرۇلۇشىنى تۇتتى بەۋاستە،
ئەل ئىشىغا كۆيۈپ شۇ قەدەر.

زايا قىلماي كەلگەن پۇرسەتنى،
بىرلىك قىلىپ يېزا-كەنتنى.
ئۆي سېلىشقا چۈشتى بەس-بەستە،
جارى قىلىپ يېڭى تېخنىكىنى.

ۋەجى بارلار قىسىلماي، ئاسان،
سېلىپ ئۆيىنى ئولتۇردى ئامان.
قۇربى يوقلار بولۇپ قەرزدار،
يىغدى خىش-تاش، قىيىنالسىمۇ جان.

مەنمەنلىكتە ئۇرغۇپ جاسارەت،
قەد كۆتەردى رەت-رەت، ئىمارەت.
جۇدا بولۇپ كەپىدەك ئۆيدىن،
كۈلدى يايراپ بارچە جامائەت.

رەھبەرلەردە بولغاچ قەتئىيلىك،
پۇقرالاردا ھەمدە سادىقلىق.

يۇرت ھۆسنىگە يېڭى تۈس بەردى،
جاھىللىقتىن كەلگەن غالىپلىق.

جاھىللىقنى يامان كۆرمەڭلار،
نەق پاكىتقا قاراپ سۆزلەڭلار.
جاھىللىقتا - يۈكسەلمىش سەرى،
ئۇلۇغلاڭلار، ئۇنى كۈيلەڭلار!

# ئىككى شېئىر

## قەدىردىن قادىر

### سەھرادىكى سۆيگۈ سېزىمى

ھېس ئۇيغاتتى قەلبىمدە شېئىردىن،
سەھرادىكى سۆيگۈ سېزىمى.
دىلىمغا نەمدىن تۆكۈلدى قۇرغا،
پاك سۆيگۈمنىڭ ئاددىي تىزىمى.
× ×
ئەخلاقىڭدىن نۇرلار چاقنىتىپ،
دىلىمغا نەمنى قىلدىڭ يورۇتۇپ.
نېمە ئۈچۈن ئاشۇ قىلمىشىڭ،
يۈرىكىمنى قالدى سۇۋۇتۇپ.

ياراشمايدۇ ساڭا ھورۇنلۇق،
گەپ - سۆزلىرىڭ بەكمۇ ئورۇنلۇق.

ۋاپادارلىق چاقنىغان كۆزۈڭ،
پاك قەلبىمگە تۆكتى يورۇقلۇق.

تېپىلمايدۇ سەلبىيلىك سەندىن،
گۈزەل ئەخلاق ساڭا مۇجەسسەم.
يۈرىكىمنى قامالлар بىر ھال،
تەلپىمدە زادى نېمە كەم؟ ...

غۇرۇرۇمغا قېتىلدى غۇرۇر،
سەن بىلمىگەچ سۆيگۈنى تۇۋار.
يارىدەم تىلەپ نېچۈن ئىلاھتىن،
ئۆردۈۋالدىڭ بېشىمدىن تۇمار؟...

### كۆزۈڭ قىسىپ ئاتما قېشىڭنى

ئۆتۈپ كەتتىڭ كۆزۈڭدە كۈلكە،
شوخلۇق بىلەن سىلكىپ بېشىڭنى.
يۈزلىرىڭگە سۇرۇپ بويىقلار،
كېسەۋاپسەن سۇمبۇل چېچىڭنى.

سەن بىلگەندەك شاللاق ئەمەسمەن،
كۆزۈڭ قىسىپ ئاتما قېشىڭنى.
ئەخلاقىڭغا قوندۇرمىغىن كىر،
كۆرمەي كېتەي ئاققان يېشىڭنى.

# ئۈچ شېئىر

### ئابدۇرېھىم زۇنۇن

## ئالما سۇندۇم

ئالما سۇندۇم ئەيىلدىك قوبۇل،
ئالىمچىلىك يۈرەكنى قوشۇپ.
شادلىقىمغا تار كەلدى جاھان،
ئالما كەتكەچ سۆيگۈمنى توشۇپ.

## كەپتەرگە قاراپ ...

بىر جۈپ كەپتەر باچكىسىغا دان بېرەر،
ئۆۋەت بىلەن پوكىنىدىن ياندۇرۇپ.
ئۆتتى پىكرىم دەل كوۋۇكتىن ئۆزۈمگە،
قويدى بۇ ھال مېنى قاتتىق چاندۇرۇپ.
تاتلىق - تۇرۇم تاپسا، يېمەي، يىگۈزۈپ،
چوڭ قىلغانىدى ئاتا - ئانام مېنىمۇ.
ئوي ئويلىدىم، پېتىپ چوڭقۇر خىيالغا،
قىلىپ بەردىم، ئاھ، ئۇلارغا نېمىمۇ؟!

## شېئىرغا تەبىر

شېئىر دېگەن غىدىقلايدۇ ئىنسانىنى،
كۈچلۈك روھىي دۇنياسىغا تاقىلىپ.
چىن شېئىردىن ئالار بەھرى كىشىلەر،
قاتتىق كۈلۈپ ياكى يىغلاپ تىلىقىپ.
شېئىر ئەمەس بۇ مەقسەتكە يەتمىگەن،
كۆرگەنلەردىن ھېچ بىر سادا چىقمىسا؛
ھېس بەرمىسە سۆيگەنچىلىك شوخ سابا،
يا رەزىللەر كۆزىگە مىخ تىقمىسا ...

◁——————▷

# شېئىرلار

### ئەسقەر مۇھەممەتئىمىن

## ئانا مېھرى

مارجان قىلىپ جىمى يۇلتۇزنى،
ئېسىپ قويسام، ئانا، بوينۇڭغا.
يەر شارىنى سىقىپلا - سىقىپ،
ئالما قىلىپ بەرسەم قولۇڭغا؛
كۆڭلۈڭدەك ئاق، يۇمشاق بۇلۇتنى،
سېلىپ بەرسەم ماڭغان يولۇڭغا.
قۇچىقىڭنى ئىچىپ ماڭا كەڭ،
بىر قېتىملا ئىمىتكىنىڭنىڭ،
بەدىلىڭگە بولالارمۇ تەڭ؟
جان ئانا،
جان ئانا...

## ئاتا مېھرى

تايىنىپ ماڭ بوينۇمدىن تۇتۇپ،
بولۇپ بېرەي مەن ساڭا ھاسا.
قىسىلغاندا نەپەسىڭ ئاتا،
بولۇپ بېرەي مەن ساڭا ھاۋا.

چىقىپ قالسا يىراققا يولۇڭ،
بولۇپ بېرەي ھارماس دۇلدۇلۇڭ.
قامچا ئۇرساڭ چاپاي مەنزىلگە،
توختاي، تارتسا چۇلۋۇرنى قولۇڭ.

سەن كۆزۈمنىڭ قارىسى ئاتا،
مەن تېنىڭنىڭ پارىسى ئاتا.
ئوغلۇڭ شۇنداق بېرىدۇ قەسەم:
مەن ئىشىڭنىڭ ۋارىسى ئاتا.

## يەرگە سوئال

تولغاق تۇتۇپ تۇغسا ئانىلار،
ئاي، قۇياشتەك بوۋاقلارنى؛
يۇتۇۋالدىڭ،
يەۋەتتىڭ،
ئەزرائىلنى ئەۋەتتىڭ،
ئىرىكلەرگە قالدۇرۇپ ئاچچىق،
دەرد پىراقلارنى؛
سانجىپ دىلغا ئازاب نەشتىرى،
تۇتقانلار كۆپ ھېساب دەپتىرى،
غىلىپىدا قىساس خەنجىرى.

## ئالدى

«دادام ئەل - يۇرت ئارا داڭلىق ھاراقكەش» دەپ ئاتاق ئالدى،
يۈلىنىپ بوتكىلارغا ھەر كۈنى ئاخشام ھاراق ئالدى.

ئانام ماتاشنى ئالسا ئايلىنىپ سودا - سارايلارنى،
يېڭىچە مودىدا تىككەن چاپان، كۆڭلەك، ئاياغ ئالدى.

ئۇلار ئويلاپمۇ قويمايدۇ، بىلىم گۈلزارى مەكتەپتە،
قىزىم، ئوغلۇم، قېنى ئۇستازىدىن قانداق ساۋاق ئالدى؟

دېسەم: دەپتەر، كىتاب ئالماقچى بولغانتىم ماڭا پۇل بەر؟
ئانام چەكچەيدى، ھەيرانمەن، دادام قولغا تاياق ئالدى.

دىلى دەردلىك شۇ ئۆسمۈرنىڭ كېيىنى ئاڭلىغان شائىر،
ساۋاق بولسۇن سىلەرگە دەپ، قەلەم ئاتلىق ياراق ئالدى.

## ئەڭ گۈزەل

تاڭ سەھەر گۈلباغدا بۇلبۇللار ناۋاسى ئەڭ گۈزەل،
باغۇ — بوستانىنىڭ يېپىنغان گۈل لىباسى ئەڭ گۈزەل.

يايرىتىپ دىلنى خۇشال روھى ئوزۇق ئەتكەن بەخش،
تۈشمۇ تۈشتىن ياڭرىغان ناخشا ساداسى ئەڭ گۈزەل.

كەلدى زەپ ئىللىق باھار، ھەر ياندا كۈلدى گۈلچېچەك،
ھۆر ۋەتەننىڭ تاغ، ئېدىر، گۈلشەن دالاسى ئەڭ گۈزەل.

يۇرتىمىز پەرھادلىرى چۆللەرنى بوستان ئەيلىدى،
بېردۇ تەنگە ھوزۇر بوستان ھاۋاسى ئەڭ گۈزەل.

ئاقتى زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ، ئۈنچىلەرنى چاچرىتىپ،
سۇ ئەمەس ئۇ بال، ھەسەل ـ تەننىڭ داۋاسى، ئەڭ گۈزەل.

يېزا ـ سەھرامۇ شەھەردەك جانلىنىپ كەتتى بۈگۈن،
ئاخشىمى يانغان چىراغ — يۇلتۇز ساماسى ئەڭ گۈزەل.

يۇرتىمىزدا كۈندە توي ھەر ياندا بايرام شادلىقى،
سۈبھى تاڭ قۇياشى چاچقان نۇر ـ زىياسى ئەڭ گۈزەل.

## پىدا ياشلىق باھارىم

ئانا ۋەتەن گۈلزارىم،
قوينۇڭدا بار باھارىم.
سېنى گۈلگە پۈركەشكە،
ئاشتى قۇدرەت ـ مادارىم.

قوينۇڭ گۈزەل گۈلچىمەن،
ئۆستۈم خۇشال شۇنچىمەن.

قەلبى ئوتلۇق كۆيچىمەن،
كۈيلەر سېنى دۇتارىم.

شاد ياشىدىم قوينۇڭدا،
قەرزىڭ بار بوينۇمدا.
مۇشكۈل سەپەر يولۇڭغا،
پىدا ياشلىق باھارىم.

## شۇ سەۋەبتىن ...

ۋەدە بەرگەنتىم ساڭا شۇ كۈنى كەچ بارماق بولۇپ،
تۇرغىنىمدا ئالدىراپ ئىشتىن چۈشۈپ ماڭماق بولۇپ.

كەلدى بىر ئاغرىق ئۇنىڭ نالىسى بەك تاتتىق ئىدى،
قان بېسىم چۈشكەن، چىرايى سارغىيىپ ياپراق بولۇپ.

ئىدى ئاغرىقنىڭ ھاياتى چوڭ خەتەرنىڭ ئالدىدا،
يەڭ تۈرۈپ جەڭگە چۈشۈپ قۇتقۇزماق پاتراق بولۇپ.

سېسترا ـ دوختۇر بولۇپ بىر تەن شۇئان قىلدۇق كۈرەش،
قايتتى ئۇ يولداش بۈگۈن ئېيتىپ تەشەككۈر ساق بولۇپ.

شۇ سەۋەبتىن ساقلىتىپ قويدۇم، مېنىڭدىن رەنجىمە،
ئەمدى يۈرمەيمىز ئىشەن، سەن تاق بولۇپ، مەن تاق بولۇپ.

# ئەمەتنىڭ تەرجىمھالى

(ساتىرا)

ھەبىبۇللا زاكىر

دوستلىرىم كېپىم بار قىنى مەرھەمەت،
سۆزلەيمەن بۇ قېتىم توغرىدا ئەمەت.
بۇ ئەمەت، يۇسۇپنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ،
چوڭ بولغان ئەركىلىك شېخىغا قونۇپ.
ئەر ـ ئايال ئارماننى ئوغلىدىن كۈتۈپ،
باققانتى ئوغۇلنى چۈشۈرمەي يۇدۇپ.
بولسۇن دەپ، ئەمەتنى داموللا ـ قارى،
مۇھەممەت ئۈممىتى، خۇدانىڭ يارى.
«پەنىمى» دىن قاچۇرۇپ قىلىپ ھەر ئامال،
بەردى بىر موللامغا قىلمايلا ھايال.
ئۆتىمۇ ئارىدىن، يەتتە باھار ـ قىش،
چۈشمىدى زېھنىگە ساكون بىلەن پېش.
ئوغۇلدا ئارمانغا دەرمان يوق ئەپسۇس،
چوڭ بولدى لايغەزەل، ئىمانىمۇ سۇس.
بارغانچە تەييارتاپ بولدى، بىغەرەز،
ھەر جايدا ئۈلپىتى نان قېپى مەرەز.
بۇ ھالنى تالىپلار ھەزىلگە توقۇپ،
كۈلۈشتى، سۆكۈشتى، ئۆز ئارا ئوقۇپ —
«ئۆردەككە سۇ يۇقماس، ئەمەتكە بىلىم،
ئەكسىچە تارتىشنى ئۆگەندى چىلىم.
ئۇ رەقىب ئەقەللى، دىنغا — رۇسۇلغا،
دۈتلىسا چۈشەرمۇ شەيتان ئۇسسۇلغا.
جان ئۈزدى ئاتىسى دەردتە ـ ھەسرەتتە،
ئانىمۇ كۆز يۇمدى ئۆتمەستىن ھەپتە.
ئۆتكەچكە چىلىمنى ھېچ تەرك ئەتمەي،
ئۆي ـ بىسات تۈگىدى ئۈزۈنغا يەتمەي.
بىر كۈنى ئۆزىچە تۇتۇپ بېشىنى،
ئەسلىدى ئۆمرىدە قىلغان ئىشىنى.

يەكۈنى: «پانىيدا كۆرمىدىم خوۋلۇق،
تۆۋە قىلىپ، جەننەتتىن تاپايچۇ ئوۋلۇق.»
شۇ ئويدا پالازنى قىلىپ جايناماز،
ئوقۇدى تۆۋىگە ئىككى رەكئەت ناماز.
تۇراتتى تىۋىنىپ مۇناجات ئوقۇپ،
تەۋرەتتى ئۇيقۇسى ئىخلاسنى نوقۇپ.
خۇمارداپ شوراشنى نوگايى ـ نەشىنى،
بىخۇت بوپ قولىغا ئېلىپ كەشىنى.
كەتكەنتى بارغانچە ئۇيقۇغا پېتىپ،
باشلىدى خورەكنى ئۆلگەندەك قېتىپ.
نىھايەت كۆردى ئۇ، قاباھەت بىر چۈش،
چۈشىدە بەئەينى قورقۇنچلۇق ئىش.
كىرگۈدەك گۆرزىلىق پەرىشتە ھەيۋەت،
كۆرۈنۈشى بەك سۈرلۈك ئاۋازى دەھشەت.
— ئاللاغا قۇلچىلىق قىلغىنىڭ قېنى،
تەگرىمىز گۇناھتىن كەچۈرمەس سېنى.
بولالماس گۇناھكار جەننەتتە غېنى،
جەھەننەم جايىڭدۇر ماڭغىن تېز قېنى!
ئويغاندى چۈشىدىن چۆچۈپ ۋارقىراپ،
چىققاستىن ئاۋازى تۇرار خارقىراپ.
بىلمەيتتى خۇدىنى چۈشىمۇ، رېئال،
ئەتراپى دەھشەتلىك مەنزىرە خىيال.
گۆرزىلىق پەرىشتە، ئەتراپى يىلان،
تۇمەنخىل ئازابلار يېزىلغان، ئىلان.
چوغلۇق مىخ، ئوتقارماق جازا قورالى،
ۋەھشەتتە قورقۇنچ خارابتۇر ھالى.
سالغاچ چۈشنادانغا ئەجەللىك كېسەل،
شۇ چۈشتە كەتتى ئۇ، ئۆلۈپ بىمەھەل.

يەرلىككە تەككۈزۈپ، كۆممەستىن تۇرۇپ،
قەۋملەر، مەرھۇمغا دۇرۇپ قايغۇرۇپ.
قەدىمى ئادەتتۇر ئۇيغۇرغا بۇ ھال،
مەرھۇمچۇن سورىلار مۇنداق بىر سوئال:
رەھمەتلىك پانىيدا قانداق كىشى ئىدى؟
ئۆمرىدە قىلغىنى نېمە ئىش ئىدى؟
ئەپسۇسكى سوئالغا بولمىدى جاۋاب،
كۆي - ئاۋاز بىرەمدۇ تارىسىز راۋاب.

# شېئىرلار

## ئابدۇلئەھەت داۋۇت ( شەھلائى )

### قىش سۈرىتى

ئاپئاق يوپـۇق يېپىنغان دالا،
باھار چۈشەپ ياتىدۇ غەمسىز.
كېلەر يولدا بىر كەپسىز بالا،
گاھ يىقىلىپ بولغاچقا پەمسىز.
پەس ئۇچۇشۇپ يۈرەر تورغايلار،
چىغىرلاردىن نېسىۋە ئىزلەپ.
سالساڭ قۇلاق پەقەت قارغايلار،
يېشىللىقنى يۈرۈيدۇ سۆزلەپ...

### نانىنى ماڭا چايناپ بەر ئانا

يىقىتىپ شۇم ھىجران تېغىنى،
كەلدى قايتىپ يىگىت ئۆيىگە.
تۇرۇپ قالدى ھەيرەتكە سەنەم،
زاھىر بولدى كۆزلىرىدە نەم.
(قەلبى ئەسىر شادلىق كۈيىگە)،
سالدى دىلبەر يىگىتكە كىرە.
چاڭقاق لەۋلەر ئوتلىدى شاراب،
كىرىپ سىرتتىن مەسۇمە بالا:
«نانىنى ماڭا چايناپ بەر ئانا»—
دېدى، بىر جۇپ كەۋدىگە قاراپ...

### قىش - زىمىستان بولمىسامىكەن

باھار دېسەڭ باھارمۇ بولاي،
تېرىۋالغىن چېچەكلىرىمنى:
سېخى ياز بوپ نېمەتكە تولاي،
توشقۇزۇۋال ئېتەكلىرىڭنى.
گەر خالىساڭ بولاي كۈز، لېكىن—
چەيلەنمىسۇن يوپۇرماقلىرىم.
قىش - زىمىستان بولمىسامىكىن،
مەندىن بېزار بولارسەن جېنىم.

### كۈندەشلىكتە بولمەن ساراڭ

«ئوخشاتمايمەن سېنى گۈزىلىم،
باشقىلاردەك قۇياشقا، ئايغا».
دېگىنىمگە يامانلاپ ئەجەب،
كەتتىڭ مېنى تاشلاپ سەن قايغا؟
قانداقمىسكە ئوخشىغىن جېنىم،
«گۈزەللىكتە سەندىن خېجىل ئاي».
ئۇ تۇرىدۇ كۆكتە، ھەممىگە،
بېقىپ نازلىق ئېچىپ خۇش چىراي.

ئوخشاتمايمەن!!!... سۆزۈم توز بولۇپ،
ئىچىشتىمۇ شۇ «كونا» يارالغ.
باقسالغ ئايدەك ھەممىگە كۈلۈپ،
كۈندەشلىكتە بولىمەن سارالغ.

## گارمۇنچى قىزغا

چالدىڭ گارمۇن ئەجەب يېقىملىق،
پۈتۈن جىسمىم كەلدى لەرزىگە.
قۇلىقىمدا گارمۇن ئاۋازى،
بوغدىڭمۇ يە سۆيگۈ قەرزىگە؟
كۆيۈك ئورۇن ئاپتۇ قەلبىمدىن،
(كۆيلا ئەمەس، سىمايىڭمۇ بار).
گەر خالىسالغ ئىككىمىز بىللە،
ئورۇندىساق «بىر كۆي» نى دىلدار.

## ...غا

تۇتۇلغانتىڭ «ئالما» ئوغرىلاپ،
«ئانار» پايلاپ يۈرۈپسەن يەنە.
چاشقان كەبى ئولجا — تاپاۋەت،
بۆشۈكىدە سۈرۈپ هالاۋەت.
قاچانغىچە چالىسەن «داپ» نى؟
ئاسمان پەلەك ئۇچۇرۇپ لاپنى؟!
ئۆزگىلەرنىڭ مېھنىتىنى سەن،
«نەتىجەم» دەپ قىلىپ تەنتەنە.

## تەكەببۇرلۇق

يىگىت بارار قىزنىڭ كەينىدىن،
قىلالماستىن قەلبىنى بايان.
قىز قەلبىدە يىگىت سىماسى،
(يىگىت قەلبى ئۇنىڭغا ئايان).
ھەر قەلبتە ئوخشاش ئوي، لېكىن —
تەكەببۇرلۇقتا يۈرۈشەر هامان...

# ئىككى شېئىر

غولامجان تۇرسۇننىياز

## ئەلۋىدا، ئانا

كۆك ئاسمان كۆزىنى قاپلىدى بۇلۇت،
بۇلۇتلار قەرىدە چېقىلدى چاقماق.
ۋەھىمە قاپلىدى پۈتكۈل جىسمىمنى،
سۇر ئۆلۈم ئانامغا قىلدى شۇم چاقچاق.
ئەيۇپتەك① ئازابقا بولدۇم مۇپتىلا،
جۇدالىق دەشتىدە كۆز يېشىم دەريا.
ئاھ، ئەجەب يامانكەن ئانا ھىجرانى،
بىر قاپقان مەن ئۈچۈن بۇ چەكسىز دۇنيا.

ئاق تونغا ئورالدى گۈلگۈن پەرىشتە.
ئاداققى سەپەرگە ئاتلانماق بولۇپ.
ئۆزاتتۇق «ئەلۋىدا، ئاق يوللۇق بول!» دەپ
دىل خۇنغا، قارىچۇقلار لىق ياشقا تولۇپ.
سەن كەتتىڭ، مەن قالدىم ئازابتا يىغلاپ،
كۆزلىرىم يولۇڭغا تىكىلگەن پېتى.
قارايمەن يولۇڭغا ئۈمىدتە تەكرار،
كۆرۈنەر پەقەتلا ئالەمنىڭ چېتى.

---

① ئەيۇپ — ھەدىستە «ئەيۇپ ئەلەيھىسالام» ئىنىڭ بەدىنى قۇرتلاپ كەتكەن» دېيىلىدۇ.

غېرىبلىق باغرىمنى قىلدى زەخمىناك،
چۈشكۈنلۈك بەختىمگە ئۈزاتتى قامال.
ئۈمىدسىز زور ئىدى مەندە ئەڭ يۈكسەك،
يېڭىمەن ھەممىنى شەكسىز - بىمالال.
ئەلۋىدا، ئەلۋىدا!

ئەي مەزلۇمە ئانا،
تىنچ يات قەبرەڭنى ئورايمەن گۈلگە.
قايتمايمەن يولۇمدىن مەڭگۈ ۋە مەڭگۈ،
قالدۇرماي ھەر باسقان ئىزىمدا بەلگە.

## سۆيگۈ

سۆيگۈ ئۇلۇغ، ئۇلۇغ مۇھەببەت،
سۆيگۈ ئىنساپ، ۋاپا - ساداقەت.
سۆيگۈ لەززەت - بەخت مەنبەئى،
سۆيگۈ مەۋجۇت، ھاياتلىق ئەبەد.

سۆيگۈ تۇغقان ھالال كۈلكىنى،
شۇ كۈلكىدە نۇرلۇق بۇ ئالەم.
سۆيگۈدە بار خۇدا خىسلىتى،
يەم بولىدۇ ئاڭا سۇر - ماتەم.

دەريا تولۇپ سۆيگۈ ناخشىسىن،
كېچە - كۈندۈز ئاقسا توختىماي.

تاغ تۇرىدۇ كۆكنى ھاپاشلاپ،
سۆيگۈ ئۈچۈن ھامان ئۇخلىماي.

سۆيگۈ بولغاچ دەرەخلەردىمۇ،
يىلتىزلىرى چىرمار زېمىننى.
يۇلغۇنلارمۇ كۆككە قەد كېرەر،
قۇملۇق ئۈچۈن تىكىپ جېنىنى...

مەنمۇ سۆيگۈ ئوغلانى، خالاس،
سۆيگۈم — تارىم ئۆركىشى سۇپەت.
خەلقىم ئۈچۈن بارلىقىم ھاتەم،
ھاياتلىقىم سۆيگۈدە پەقەت...

## خىيالىمدا مەنمۇ شېئىر مىڭ پاتمان

### خاسىيەت ئىمىن

ئانا دىيار چەكسىز شېئىر بۇلىقى،
مىسرالارغا مېسال ھايات قاينىمى.
تۇغۇلىدۇ شوخ ھېسلاردىن مىسرالار،
شاۋقۇن سېلىپ ئاققان سۇ ئۆز رېتىمى.

خىيالىمنى توسۇن تايدەك چاپتۇرۇپ،
تاتلىق، سۈزۈك بۇلاق سۈيى ئىزلەيمەن.
ھېس جامىمغا تولسا ئىلھام شارابى،
ئۆز بەختىمدىن كۈلۈپ ياير اپ كېتىمەن.


مېنىڭ ئۈچۈن شوخ شاماللار لېرىك شېئىر،
قۇلىقىمغا پىچىرلاپ كۈي ئوقۇيدۇ.
كۈلگۈن رەڭلىك ئانا دىيار دىلىمغا،
تەسۋىرىنى شېئىر قىلىپ توقۇيدۇ.

مۇشائىرە ئۇيۇشتۇرسا قۇشلارمۇ،
بەزمىسىگە مېنى ھەردەم چىللايدۇ.
مېھمان بولسام تىنچ ئورمان ساھىلدا،
شېئىرلاردىن مىزىلىك تائام راسلايدۇ.

بىلىپ قالدى گۈل تەبىئەت ئانىمۇ، ئاتىۋاي،
ئەركە قىزى قەۋەت ئامراق شېئىرغا.
دۇئا قىلغاچ تىنىقىمدا پەپىلەپ،
ئىگە بولدۇم ئالەمگە تەڭ مېھرىگا.

ساما شېئىر، يەرمۇ شېئىر ئاھ...شۇنداق!...
خىيالىمدا مەنمۇ شېئىر مىڭ پاتمان.
تومۇرۇمدا ئانا دىيار سۆيگۈسى،
شېئىر بولۇپ غەليان ياساپ قاينىغان،

# يېشىل مۇھەببەت



(نەسىر)

دىلنۇر ئابامز

## مۇقەددىمە

سىز ـــ دېڭىز سۈيىنىڭ، كۆل سۈيىنىڭ زۇمرەتتەك يېشىللىقىنى كۆرگەنمۇ؟ بەلكىم دەريا - كۆللەرنىڭ ئۈستىگە يېشىل لىباس ياپقان نىلۇپەر زارلىقلارنى، لەيلى قازاق، كاككۇك گۈللىرى ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن يېشىل ئوتلاقلارنى، كۆككە بوي تالىشىپ ئۆسكەن چەكسىز يېشىل ئورمانلارنى... كۆرگەن، سەيلە قىلغانسىز. بۇ يېشىللىق سىزگە مۇھەببەت ھوزۇرى بەخش ئېتىپ يۈرىكىڭىزگە يار ئىشقىنى سالغانمۇ؟ سىز جانانىڭىزنىڭ شۇ يەردىلىكىنى، مۇھەببەتلىك يۈرىكىدە سىزنى چاقىرغانلارنىڭ شۇ يەردىلىكىنى ھېس قىلغانمۇ؟ جانانىڭىزنى شۇ يەردىن تاپالىغانمۇ؟ سەيلە قىلىپلا قايتىش باشقا گەپ، بىر دەملىككىلا كۆڭۈل ئارامى قاراڭ. ئاشۇ سەيلە قىلغان جايىڭىزدا يارىڭىزنىڭ بارلىقىنى بىلسىڭىز، سىز سەيلە قىلغان ئۇ جاي قەلبىڭىزدە نەقىش بولۇپ ئويۇلۇپ قالىدىكەن.

مەنمۇ سۆيگۈنىڭ ئاۋازىغا ئەگىشىپ كۆل سۈيىنىڭ زۇمرەتتەك يېشىللىقىغىمۇ ئوخشىمايدىغان، كۆل يۈزىنى نىلۇپەر يوپۇرمىقى قاپلىغان يېشىللىققىمۇ ئوخشىمايدىغان تاغلىرىمۇ يېشىل، بوستانلىرىمۇ يېشىل، باغرىمۇ يېشىل، بولاقلىرىمۇ زۇمرەتتەك يېشىل، نەي - ناخشىلىرىنىڭ ئاۋازىمۇ يېشىل... يېگانە بىر يېشىل ماكانغا ـــ گۈزەل بوستانغا باردىم. ئۇنىڭدىكى تەڭداشسىز يېشىللىق، زۇمرەتتەك پاك مۇھەببەت مېنى ئەسىر قىلىپ ئۆزىگە رام قىلدى. رام قىلدىلا ئەمەس باھاردەك سۆيگۈسى بىلەن يۈرىكىمنى سەگىتتى. چۈنكى مېنى چاقىرغان جانان شۇ يەردە ئىكەن.

ـــ ئەجەبلىنىۋاتامسىز؟ ئىشق ئادەمنى كۆيدۈرىدۇ، سەگىتىدىغان ئىشقمۇ بارمۇ، دەمسىز؟

ـــ مەن شۇنداق دېيەلەيمەن، كېيىنىنى ئاڭلاڭ، مەن سىزگە سۆيگۈمدىن بىر رىۋا-

يەت ئېيتىپ بېرەي. بۇمۇ ماڭا بىر باھا-
لە، ئەمەلىيەتتە شۇ پۇرسەت بىلەن جانا-
نىمغا ئاتاپ تىككەن كەشتىمگە قوشۇپ ئە-
ۋەتىدىغان يۈرەك قەلبىمدىكى سۆيگۈ ئۇن-
چىلىرىنى — كۆكۈل بېغىمدا پىشقان ئۈرۈ-
كىمنىڭ تاتلىق مېغىزىنى يەپقا تىزدۇالاي.

## سۆيگۈ ئاۋازى

ياشلىقىنىڭ گۈزەل چاغلىرى ( رەسمىي ئاشىق بولۇپ يۈرۈيدىغان چاغلار ...) خىل-مۇ خىل گۈزەل ھېس - تۇيغۇلار ئىچىدە ئۇيقۇمدىن چۆچۈپ ئويغىنىمەن. گويا مې-نى بىر ئاۋاز — خۇددى تونۇشلا بىر ئاۋاز چاقىرىۋاتقاندەك. يۈرىكىم ئۇزۇن زامان-لاردىن بېرى ھېچ سەۋەبسىز كۆيۈپ، ۋۇ-جۇدۇمنى چىدىغۇسىز ھالدا بىر ئوت ئىس-كەنجىگە ئېلىپ كۆيدۈرۈۋاتىدۇ...

دائىم مۇشۇنداق ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ. ئويغىنىمەن، ئويغىنىشىم بىلەن بۇ ئاۋاز دەررۇ ئۆچۈپ كېتىدۇ. شۇچاغ بەدىنىمدىن دەھشەتلىك ئوتنىڭ ئاچچىق ئىسى كۆتۈرۈ-لىدۇ. بۈگۈن مېنى يەنىلا شۇ ئاۋاز ئويـ-غاتتى. ئەمما بۇ قېتىم بۇ ئاۋاز ئۆچۈپ قالمىدى. بارغانچە ياڭراق، بارغانچە يې-قىملىق... ئەجىبا، ئەمدى مەن ئىلگىرىكى-دەك كۆيمەي سەگەۋاتاتتىم. بۇ ئاۋاز مې-نى ھېلى كۆيدۈرسە، ھېلى سەگىتىپ ئىس-كەنجىسىگە ئېلىۋالغاندىمۇ؟ ( مەن راس-تىنلا ئۇنىڭ ئىختىيارىدا ئىدىم. )

بۇ ئاۋاز يەنە ئاستا - ئاستا پەسىيىۋا-تاتتى. تېنىم يەنىلا بىر كۈچلۈك ھارارەت بىلەن يالقۇنجاپ كۆيۈشكە باشلىدى. مەن بىتاقەتتە ئاشۇ ئاۋازغا ئىنتىلىپ، ئاۋاز تامان ماڭدىم، كېتىۋاتىمەن...

يۈرىكىم تويۇۋاتىدۇ. بۇ سۆيگۈ ئاۋازى، مېنى راستىنلا سۆيگۈ چاقىرىۋاتىدۇ.

سېنىڭ لېۋىڭدىكى، قۇچىقىڭدىكى بەدى-نىڭگە تارىغىنى، ۋۇجۇدۇڭنى ئىلكىگە ئال-غىنى قانداقتۇ جىمجىت، جانسىز سۆيـگۈ ئەمەس. سۆيگۈ سېنى چاقىرىدۇ، سۆيگۈبى-لەن تولغان، سۆيگۈ تىلىگەن ھەر بىر يۈ-رەك ئۆز لايىقىنى چاقىرىدۇ. چاقىرىلغان-لار ھامان چاقىرغانلارنى ئىزدەپ تېپىشى كېرەك. قانداقتۇر ئەتراپىڭدا قاڭقىپ يۈر-گەن «رەنا» لار ئۇ ساڭا رەنا ئەمەس. سېنى چاقىرمىغان يۈرەكتە ساڭا نىسبەتەن چىن سۆيگۈ بولمايدۇ. ئۇ خۇددى قەغەز-گە چۈشۈرۈلگەن گۈزەللىنىڭ سۈرىتىگە قاراپ مۇھەببەت ئىزھار قىلغان ۋە مۇھەببەت تى-لىگەندەكلا بىر ئىش. سەن ئۇنى مىڭ يىل، تۈمەن مىڭ يىل كۈت، قۇچاقلاپ سۆيسەڭ-مۇ ئۇ سېنى شۇ تۈمەنىمىڭ يىللار ئىچىدە بىر قېتىممۇ چاقىرمايدۇ. سەنمۇ، سېنىمۇ چاقىرمايلا قۇچىقىڭغا ئۆزىنى ئاتقان جا-نان — ئۇ ئالۋاستىدۇر. ھامىنى بىر كۈن جېنىڭنى سىقىدۇ، نۆۋىتى كەلسە سېنى ھا-لاك قىلىدۇ.

## جانان خىسلىتى

ھەقىقىي جانان ساڭا قاراپ كۆز قىسماي-دۇ، قاش ئوينىتمايدۇ. باشقىلارغا ئوخشاش نەچچە رەت ھاشاراتلار قونغان، قۇرتلار خىرىس قىلغان، توپا - چاڭلاردا داغ بول-غان ئالمىنى سۇنمايدۇ. بەلكى بەختى لەز-زىتى بىلەن تولغان ئالمىدەك پاك يۈرى-كىنى سۇنىدۇ، يۈرىكى بىلەن سېنى چاقىرى-دۇ. سېنىڭ يۈرىكىڭ ھەقىقىي ئاشىقنىڭ يۈرىكى بولسا سەن ئۇنى ئاڭلىيالايسەن ۋە ئىزدەپ تاپالايسەن. بۇ ئاۋاز پەقەت

سېنىلا چاقىرىدۇ. سەن راستىنلا ئۇنى ئىزدەپ تاپالساڭ ھەممىگە تەل توققۇزى بىلەن ئېرىشەسەن ھەم ئۇمۇ. ناۋادا سەن ئۇنى ئىزدىمىسەڭ، سەنمۇ ئۇنى چاقىرمىساڭ، سەنمۇ، ئۇمۇ ۋىسالىڭىز قالىسىلەر. چۈنكى ئۇمۇ يەنە بىرسىنى چاقىرىپ يۈرمەيدۇ، سېنى چاقىرىپلا قالىدۇ، ھەتتا سەنمۇ بۇ بىتەلەيلىكتىن مەھرۇم ئەمەس، دەل ئوخشاش.

## ئاھۇ كۆزلەر

خېلى ئۇزۇن مۇساپىلارنى بېسىپ يېشىل بىر ماكاننى كۆردۇم. ئۇنىڭدا كۆردۈمكى گويا ئاھ ئەجەب، كىيىك كۆزلىرىمۇ تەڭ كەلمەس، ئەرش پەرىشتەلىرىمۇ قىزغىنىپ ياقا يىرتار ئاشۇ چەشمە بۇلاقلارنى كۆرسە... ئېھ، نۇر دېگەننى بىر ساڭىلا ئاللا شۇنچە سېخىلىق بىلەن بەرگەنمۇ؟ ئاللا يۈز گۈزەللىكنىڭ توقسان توققۇزىنى ھاۋائانىغا، بىر قىسمىنىڭ توقسان توققۇزىنى كەنئانلىق يۈسۈپكە، بىر قىسمىنى جاھانغا تارىتقان بولسا، گويا نۇر زىيانىڭ يۈز قىسمىنى پۈتۈنلەي ئاشۇ بۇلاققىلا ئاتىۋېتىپتۇ. ئېخ، نۇر بۇلاق، نۇر ئوخچۇپ تۇرغان بۇلاق... شۇ تاپتا بۇ ئاھۇ بۇلاقنى بىر كۆرۈپ گويا ئاللا ماڭىمۇ بىر نېسىۋىنى يۈز ئىشقىنىڭ ھەممىسىنى ماڭىلا ئاتىۋەتكەندەك ئىشقى پىراقتا ئوت بولۇپ كۆيدۈم. قارىغىنا، ئوماققىنا ئاھۇ بۇلىقىم قارىغىنا، ئاھ... ئاھ... دەپ ئېغىزىمدىن ئىشىق ئوتىنىڭ تەپتى بىلەن چىقىۋاتقان دۇت غەربىتىكى ئۇپۇققا يېتىپ بېرىپ، بۇلۇتلارنىمۇ چوغلاندۇرۇپ قىزارتىۋەتتى. ئومىقىم ئاھۇ بۇلاق بىھوشمەن شۇ تاپ، يېنىڭغىلا يىقىلدىم. كۆزلىرىڭدىن ئاققان نۇر ئېقىن دەريا - دەريالارنى ھاسىل قىلىپ ئېقىپتۇ. ئېھ، بۇ ئېقىنلار — سېنىڭ بۇ رەھىملىك مېھرىڭ مېنى خېلىلا سەگىتتى. ھوشۇمنى يىغىپ قارىدىم. نەدىمۇ تاغ باغرىلىرىدا دەم - دەم ئۇچرايدىغان بۇلاق دېگەنلى بولسۇن؟ ئوتلۇق، سېھىرلىك قاراشلىرىڭغا بەرداشلىق بېرەلمىدىم. سەن جۈپ - جۈپ ئاھۇ كۆزلەر ئىكەنسەن ئەمەسمۇ؟!

ئەي ئوماق ئاھۇ كۆز! سەن قايسى پەرىنىڭ كۆزى، قايسى شاھزادىنىڭ جان ئالغۇچى كۆزى؟ كىشىنى ئىشق سەۋداسىغا سېلىپ جاننى قاقشاتقۇچى سەندەك بىر زاتنى ياراتقان ئاناڭ نۇرمۇ؟ ئاتاڭ قۇياشمۇ؟

شۇ تاپتا مېنىڭمۇ تېنىم ئېرىپ بۇ ئاھۇ كۆزلەرنىڭ نۇر ئېقىنىغا قېتىلىپ كەتكەندەك بولدۇم. دەرۋەقە ئۆزۈمنى بىر شىددەتلىك ئېقىن — ئىشق ئېقىنىدا كۆردۈم! تەنلىرىم ئېرىپ بۇ ئاھۇ بۇلاقنىڭ قۇربانى بولغاندىمۇ؟ ئاھ بۇ قۇربانلار ماڭا راھەت بېغىشلىدى. ۋىسال يولىدىكى قۇربان جاننى سەگىتىدىكەن. بۇ جاننى سەگىتكەن ئاھۇ كۆزلەر — يېشىل بۇلاقلارمىدۇ؟

— ئېھ، غايىبانە جان ئالغۇچى ھىلال قاشلىرىڭ قانچە گۈزەلدۇر؟ قانچە ئاشىقلارنىڭ جېنىنى ئالغاندۇر؟

## بوستان قاشلار

مەجنۇندەك ھېسابسىز يوللار كېزىپ پۇتلىرىم تېشىلىپ دېگەندەك ياپ-يېشىل بوستاننى كۆردۈم. ئاھ بوستان، يېشىل بوستان، ئېھ زۇمرەتتەك يېشىل ئۇلىما قاش!

— ئى ئاللا، سەن نىمانچە قۇدرەتلىك؟ سەن ئۈچ كۈنلۈك ھىلال ئايدەك گۈزەل قاشلارنى يارىتىپ قانچىلاپ ئاشىقلارنى سەۋدا قىلىغا نېمىدىڭ، ئەمدى بۇ يىگانە بوستان

قاشنى قاچان، كىمگە سوۋغا قىلدىڭ! ئادىمىـ
زات ئارىسىدا مۇنداق قاشنى ئۇچراتمىـ
دىم ... ئاللا مېنى هۆرلەر ماكانىغا كىرگۈزدى.

— ئىزدەپ باق!

— مەن بۇ يەردىمۇ ئۇچراتمىدىم.
ئېھ يىگانە قاشلار، يىگانە كۆزلەر!

تۆپىلەپ بېشىمغا چۈشكەن بۇ ئىشىق با-
لاسى تېنىمنى ئۆرتەپ ۋۇجۇدۇمنى بىر پار-
چە لاۋا ئوتقا ئايلاندۇردى. شۇنچە شېرىن
بىر ئۇسسۇزلۇق تەشناسىدا تىللىرىم چاك-
چاك يېرىلدى. يۈرەككە ئوت كەتتى، يې-
نىمىنىغا ئېسىۋالغان قاپاقتىكى سۇ
ۋۇجۇدۇمدىكى ئىسسىق هارارەت-
تىن قايناپ تۆگەپتۇ.

— بۇ تەشنالىقنى قانداق قىلاي!؟ ئاه
بوستان قاشلار، بوستانلىقىڭنى كۆزلىرىمـ
نىڭ توختىماس تاشقىن ئېقىمنى بىلەن سۇ-
غىراي. مەن سېنى مەندەك تەشنالىقتا
قويمايمەن، مەڭگۈ شۇنداق ياشىرىپ تۇر-
غىن، ياشلىرىمنى بوستانلىقىڭنىڭ تەشنا-
لىقىغا، يېشىللىقىڭغا هەدىيە قىلاي!

## ئاتەش لەۋلەر

يىقىلدىم، ئېغىزىم يالقۇنلۇق بىر ئوت
بىلەن جۇپلەشتى. نە كۆيۈكىنى سەزمىدىم،
ۋاھ، نېمە دېگەن شېرىن ئوت بۇ؟ خۇددى
جانان سۆيگۈسىدەك. بۇ ئوت مېنىڭ ئۇسـ
سۇزلۇقۇمنى پەسەيتتى. ئەجىبا، مەن بىر
ئوتتا كۆيۈپ تۇرۇپ، يەنە بىر ئوت بىلەن
ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇردۇم.

— بۇ قانداق ئوت؟ ئى ئاللا سېنىڭ
زېمىنىڭدا تەشنالىقنى قاندۇردىغان مۇ-
شۇنداق «ئوت»مۇ بارمۇ! نېمانچە قۇدرەت-
لىكسەن؟ ـ تەڭرىم ئۆزىنى تۇتالماي كۈ-
لۈپ كەتتى، بۇ كۈلكىدىن كۆك ئاسماننىڭ
ئاقۇش جىلۋىلىك يۈزى ئېچىلىپ كەتتى.

— ئى بەندە، سەن جانانىڭ سۆيۈشىـ
نى بىلمەمسەن؟

— ئاه، مەندەك بىر ئاتەش بەدەننى
سەگىتكەن قايسى جانانىڭ ئاتەش لېۋى-
دۇر؟!

## گۈلخان

— قېنى ئۇ مېنى سۆيگەن لەۋلەر؟ ئۇ
قايسى رەنا؟ ئەتراپىمغا قارىدىم، مەن
يىقىلغان جايغا قارىدىم، كۆز ئالدىمدا
چوغلۇق گۈلدەك قىپقىزىل چوغلانغان
گۈلخاننىڭ بىر دۆۋە چوغى قىپقىزىل
لەۋلەردەك قىپقىزىل پالىلداپ تۇرۇپـ
تۇ. مەن يەنە ئاستا ئىگىشىپ — جاناننىڭ
بويىنىنى ئاستا قايرىپ ئوت لېۋىگە سۆيـ
گەندەك ئىشقىم بىلەن، مېنى سەگىتكەن
ئەشۇ گۈلخان چوغىغا لېۋىمنى ياقتىم.
ئاتەش گۈلخان تېنىمنى يەنە سەگىتتى.
بۇنى ئانداقمۇ «گۈلخان» دېگىلى بولـ
سۇن؟ بۇ ئاشۇنداق كېلىشكەن قاش، كۆز-
لەر تېگىدىكى جانغا راهەت بېغىشلاپ،
يۈرەكلەرنى سەگىتكۈچى ئوتلۇق لەۋلەر
ئەمەسمۇ؟

— ئېھ ئاتەش لەۋلەر، گۈلخاندەك ئا-
تەشلىك لەۋلەر، ئېھ «گۈلخان!»

## چۇقان

مەن ۋىسال شادلىقى ئىچىدە جېنىم تې-
نىمگە سىغماي چۇقان سېلىپ ۋارقىرىدىم:

— ئاه ۋىسال، ئاه گۈزەل بوستان قاش-
لار، جان ئالغۇچى ئاهۇ كۆزلەر، ئاشىقلار
بالاسىغا قويغان ئاتەش لەۋلەر.

## نۇر جامال

قوللىرىمنى يېيىپ ئاسمانغا قاراپ ئاللانى سېغىنىپ توۋلىغانىدىم، نېمىسىنى ئېيتاي، يەنىلا دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى:

كۆز نۇرۇمدا پىشانىسىدە ئاتەشتەك قۇياش مېڭى بار، زىنىقىدا ئايدەك خالى بار، كۈمۈش نۇر جۇلالاپ تۇرىدىغان، رەڭگەر نۇر لىباس بىلەن ئۇلۇغ سۇلتانغا ئوخشاش يۈزىنى دالدا قىلغان بىر نۇر جامال چاقنىدى…

ۋاھ، بۇ ئوتلار، بۇ سەۋدالار… مىڭ مەجنۇن سىياقىدا، مىڭ مەجنۇن پەريادىنى چېكىپ بۇ گۈزەل، بۇ يىگانە تەڭداشسىز چېھرە كىمنىڭ؟… دەپ جار سالغىنىمچە سەرگەردان بولۇپ ماڭدىم… قانچىلىك ماڭغىنىمنى بىلمەيمەن… بىر تۇرۇپ ئۆز-ئۆزۈمدىن غەزەپلىنىمەن:

— شۇ تۇرقىدا مەن ئاشىق دەپ جار سالىمەن، مەندىكى شۇنچە غۇرۇرسىز كۆڭۈلمىدۇ؟ ھېلى ئاھۇ كۆزلەرگە كۆيسەم، ھېلى بوستان قاشلارغا، ھېلى ئاتەش لەۋلەرگە كۆيسەم، ھېلى نۇرجامالارغا… مەن زادى قايسىسىغا ئاشىق؟ خۇدا، ھەممىسىگە قادىرسەن، ئېيتقىنا مەن زادى قايسىسىغا ئاشىق؟

— يۈرىكىمدىن سورا. تەكرىسىدىن ئالغان جاۋابىم شۇ بولدى، قانداق قىلاي؟

## قامەت

ئاللاغا خىلمۇ خىل سوئاللارنى قويۇپ، ئىشق بالاسىدا جاھاننى بېشىمغا كىيىپ كېتىۋاتىمەن. ئالدىمدا ئاق مەخمەلدىن تون كىيگەن تەڭداشسىز بىر قامەت قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ۋۇجۇدىدىن ئېقىپ چۈشكەن مېھنەت تەرى گويا ئاق مەرمەر لىباستەك ئۈستى - بېشىدا سانسىز تۆھپىلەرگە گۇۋاھ بولۇپ يالىلداپ تۇرۇپتۇ. ئېھ، مېھنەت قامەتكە شۇنچە ياراشقان… مەنمۇ ئىشق يولىدا سانسىز جاھان كېزىپ ئۇزۇن مۇساپىلارنى كەزگەن پۇتۇمغا قارىدىم. مېنىڭ شۇ ئازغىنا جاپا - مېھنىتىممۇ پۇتۇمغا قات - قات كەشتىلەرنى چېكىپتۇ. مېھنىتىمگە گۇۋاھ بولۇپ چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرۇپتۇ. قەلبىمدە ئەزەلدىن مېھنەت ئىگىسىگە چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە ئىشتىياق بولغاچ ئىختىيارسىزلا بۇ تەڭداشسىز قامەت ۋە مېھنەت ئىگىسىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ كۆزلىرىم دەرياسىدىن تېشىپ، يول - يول ئېقىنلارنى ھاسىل قىلدى.

— بۇ كىم؟ پۈتكۈل زېمىننى ئىگىلمەس گىگانت بەستى بىلەن قوغداۋاتقان بۇ كىم؟ ئۇنىڭدىكى قەيسەرلىككە، جەسۇر - مەردانىلىققا كۆيدۈم… ئاستا - ئاستا بۇ تاغ كەبى مەغرۇر، شۇ قەدەر نازۇك، گۈزەل قامەتكە يېقىنلاشتىم، ۋۇجۇدىغا يېپىشقان كۈمۈش رەڭ لىباس خۇددى مېھنەتكەش يىگىتنىڭ يېپەك كۆڭلىكىدەك يالىلداپ تۇرۇپتۇ. مەن يۈكسەك دەرىجىدىكى ھۆرمەت، مۇھەببەت ۋە ئىپتىخار بىلەن جانانغا قول ئۇزاتقاندەك ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتىم. مۇز تېگىدىن ئوتتەك ھارارەت ئۇرغۇپ قولۇمنى سىقىراتتى.

— ئاھ بۇ نە تاغ؟ - بۇ تەن! بۇ قاۋۇل يىگانە تەن!

## يېشىل چاچ

بېشىمنى كۆتۈرۈپ بۇ قامەتكە نەزەر سالدىم. گۈل - چىمەنزار، تەكشى تارالغان. تاغ كەبى ھەيۋەت قامەتلىك بۇ زاتقا خۇيمۇ ياراشقان بۇ چىمەن — ئۇ خەت تارتقان بۇرۇت، ئۇيالماستىن قارىغىنىمغا خىجىللىقتىن يۈزۈم ئوت ئالدى. بۇ ئوتنىڭ ھارارەت تەپتىدىن بۇ قامەتلىك زاتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قار - مۇزلار ئېرىپ باغرىدا چوڭ بىر ئېقىن پەيدا بولۇپ، پەلەككە دولقۇن ئېتىپ ئاقتى. قەلبىمدىكى ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈمنى ئۇ سەزدى. ئوتتەك كۆيۈشۈپ تۇرغان يۈزۈمنى قولۇم بىلەن توستىم... يەنە قەيەردىندۇر كەلگەن غەيرەت بىلەن ئاستا - ئاستا ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇستىدىكى قارىغا يەدەك تەكشى تارالغان يېشىل چاچلارنى كۆردۈم.

— يېشىل چاچلار، قامەتكە ياراشقان گۈزەل، يارىشىملىق چاچلار، يۈرىكىمنىڭ ئارامىنى قويمىدىڭلار!... سىلەر چاچمۇ ياكى رەقىب — كوھقاپ بورىنىغا قارىتىپ بەتلەنگەن ئوقيامۇ! ئېھ، پيالۋاننىڭ چاچلىرىمۇ دۈشمەنگە ئوقيا بولىدىكەن.

تەڭداشسىز خىسلەت، تەڭداشسىز چاچ!

## ئاشىق

— شۇ تاپ، — ئەي تەڭداشسىز قۇدرەتلىك يىگىت، مانا مەن ساڭا ھەقىقىي كۆيگۈچى ئاشىق، مېنى قوينۇڭغا ئالساڭچۇ؟ — دېمەكچى بولدۇم، لېكىن ئاشىق بولسامۇ ئار - نومۇس ۋە قىزلىق غۇرۇرۇم غالىب كېلىپ توستى. ئۇنسىز نىدالىرىم بىلەن ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈمنى بايان ئەيلەپ، ئۇنىڭدىن سۆيگۈ تىلەپ نالە - زار قىلدىم... مانا بۇ كۆيگۈنۈمنىڭ نەچچىنچىسى...

— ئاللا ئەمدى ماڭا رەھىم قىلساڭچۇ؟ مەن پۈتكۈل مەشۇقلارغا كۆيگۈچى قانداق ئاشىق؟ مېنى قانداقمۇ ئاشىق دېگىلى بولسۇن؟ مەن قايسى بىرسىنىڭ ۋىسالىغا يېتەلەيمەن؟ مېنىڭ قەلبىمگە پەقەت بىرلا مەشۇق سىغالايدۇ. مېنىڭ يۈرىكىم ساڭا ئايانغۇ؟ مەندە بارى بىر يۈرەك.

## تەڭرىنىڭ سۆزى

— ۋايسىما ئى ئاشىق بەندە، سەن پەقەت «بىر» گىلا ئاشىق.

— مەنزادى قايسىسىغا ئاشىقتىمەن؟ يۈرىكىمگە قول سالدىم، بىر - بىرىدىن ئوتى يامان، ھېچ بىرەرسىدىن كېچەلمەيدىغاندەك تۇرىمەن...

## يېشىل ئاۋاز

يىراقتىن نەينىڭ ئاۋازى، مېنى كۆيدۈرگەن، مېنى سەگىتكەن نەينىڭ ئاۋازى. سېھىرلىك ئاۋازمۇ بۇ؟ ئەرش ئۇيقۇسىغا سېلىپ مەست قىلغان، بۇلبۇلنىمۇ، ھەتتا ئىشقى - زوقى بىلەن تىڭشاتقان سېھىرلىك سازمۇ؟ مەنمۇ مەست بولدۇم، نېمىسىنى ئېيتاي، نەيدىن كېيىن كۆكنى قاپلاپ جاراڭلىغان يېقىملىق ناخشا مېنى ئەسىرقىلدى... بىراق يۈرىكىمنى، ئوت يۈرىكىمنى سەگىتتى.

يېشىللىق تەننى سەگىتىدۇ، بۇ ئۇنى ئاڭلاپ يۈرىكىم سەگىپ قالدى. ئەجەبا، بۇ

ئاۋازلارمۇ يېشىلمىدۇ؟

ئېھ، يېشىل ماكاندىن كەلگەن يېشىل ئۈن، مېنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىمۇ يېشىلمىدۇ؟ قەلبىمدە ساڭا بولغان سۆيگۈ ئوتى لاۋۇلدىسا مەن قىزىماي سەگىيمەن.

— ئېھ، يۈرىكىمنى سەگىتكەن يېشىل ئاۋاز!

## مەشۇقلار ماكانى

بۇ زېمىن مەشۇقلار ماكانىمىدۇر؟ مېنى داۋاسىز ئىشق بالاسىدىن باش كۆتەرگۈزمىدى. ئېغىر كۆلپەتلەرنى سالدى، يەنە شادلىق بېغىشلىدى، مېنى كېسەل قىلدى، يەنە ئۆزى داۋالىدى، مېنى ھالسىزلاندۇردى، يەنە يېڭىلمەس كۈچ ئاتا قىلدى. مۇھەببەتنىڭ دۈشمەنلىرى: «ۋازكېچىش»، «چارچاش»، «زېرىكىش»، «ئۇيقۇ»... لار كىشۇچۇمدىن قورقۇپ يېنىمغا كەلمەسلىككە يوقالدى!

— ئېھ مەشۇقلار، جانانلار بىلەن تولغان دۇنيا!

— ئېھ سۆيگۈ ماكانى!!

## يېشىل تەن

ئىشق يولىدىكى جاپامۇ زور لەززەت. مەن بۇ لەززەتتىن مەستخۇش بولۇپ، ئاستاغىنا بىر تۈشەككە يېقىلدىم.

— ۋۇي، ئاستىمدىكى بۇ قانداق تۈشەك؟ شاھنىڭ ھەرەمخانىسىغا يېقىلدىممۇ ياكى جانانىمنىڭ قۇچىقىغىمۇ؟ شۇ ئىللىق، ئىپەكتەك يۇمشاق بۇ يېشىل تەن مېنى كۆپ ۋاقىتلاردىن بېرى تارتقان ئازابلاردىن يەڭگىللەتتى. سۆيگۈسى ۋىسال تاپقان ئاشىقلاردەك قەلبىم شادلىق ۋە بەخت تۇيغۇسىغا تولۇپ تاشتى. شېرىن مەستلىكتىن يېشىلگىنىمدە ئۆزۈمنى يېشىل تەنلىك بىر زاتنىڭ باغرىدا كۆردۈم... قەلبىمدە چەكسىز ۋىسال تاتلىقى... ئىشق دەردىنى يەتكىچە تارتقان قايسى مەشۇقۇمنىڭ ۋىسالىغا يەتكەندىمەن؟ بۇ — ئاھۇ كۆزمۇ؟ بوستان قاشمۇ؟ ئاتەش لەۋلىكمۇ؟ قۇدرەت تەنلىكمۇ؟ نۇر جامالىقمۇ؟ يېشىل ئاۋازلىقمۇ؟... شۇ چاغ ئاللا ماڭا قولىنى سۇندى، مەن بىر نۇرغا ئەگىشىپ كۆككە ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلدۈم... كۆردۈمكى يېشىل ياقۇتتەك گۈزەل بىر زېمىندا مەن كۆپ دەردلەر تارتىپ ئىشقىدا كۆيگەن ئاھۇ كۆزلۈك، بوستان قاشلىق، ئاتەش لەۋلىك، ئاق ئالتۇن بەدەنلىك، يېشىل تەنلىك، يۈكسەك قامەتلىك بىر يىگىت نەي چېلىپ يۈرگۈدەك. ئۇنىڭ ئەتراپىدا قوي - ئۆچكە، قوزىچاقلار، كالا - موزاي، ئات - خېچىر، تايچاقلار، تۆگە - بوتىلاقلار... پادىلىرى توپ - توپى بىلەن ئەركىن يايرىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ. يېشىل زېمىندا بەزمە - مەشرەپ قۇرۇشۇپتۇ.

— ئاي - ھاي!

## چوپان يىگىت

چۈشەندىمكى، مەن مىڭغا ئەمەس پەقەت بىرگە — چوپان يىگىتكە ئاشىق بوپتىمەن، ئىلگىرىكى ئۆز - ئۆزۈمدىن كايىشلىرىمغا خاتىمە بېرىپ، بار ئاۋازىم بىلەن مۇھەببىتىمنىڭ يۈكسەك ۋە چىنلىقىدىن پەخىرلىنىپ، پۈتكۈل جاھانغا ئاڭلانغۇدەك ئاۋازىم بىلەن ئاشىقلىقىمنى ئاشكارىلاپ توۋلىدىم.

## يۈرەك ساداسى

— مەن چوپان يىگىتكە كۆيىدۈم، ئەل
ئۈچۈن جانىنى قۇربان قىلغانلىغا كۆيىدۈم!
قەلبىمدىن چوپان يىگىتكە بولغان سۆيگۈ
قەسىدىلىرى ئوخچۇپ تېشىشقا باشلىدى:
— ئى چوپان يىگىت، بۇلاق كۆزلىرىڭنى
ئالدىڭدىكى ئويناقلاپ يۈرگەن جانلارنىڭ
ئۇسسۇزلۇقىغا تەقدىم قىلىپسەن، قاشلىرىڭ-
نى ئۇلارنى ھىمايە قىلغۇچى يېشىل بوس-
تان قىلىپسەن، يۈرىكىڭنى ئۇلارغا زېمىس-
تاندا ھارارەت، ھوشيارلىقتىن بىشارەت، يۈ-
رىكىڭگە ۋەھىمە سالغۇچى گۈلخان قىلىپ كۆي-
دۈرۈپسەن، ئىللىق تېنىڭنى ئۇلار ئۈچۈن
ئىللىق زېمىن ئېتىپسەن، ئەل ئۈچۈن قۇر-
بان بېرەر جاسارىتىڭنى، ئەلگە كۆيگەن
سەمىمىي پاك مۇھەببىتىڭنى ئۇلارنىڭ
زېمىنىغا يورۇقلۇق ۋە ھاياتلىق
بەخش ئەتكۈچى ئاي ۋە قۇياش قىلىپ
ئېسىپسەن، ئەل ئۈچۈن تىنىماي تەر تۆكۈپ
مېھنەت سىڭدۈرگەن قەيسەر ۋۇجۇدۇڭنى
ئۇلارنى قوغدايدىغان قاراۋۇلدەك ئۇلار-
نىڭ مەڭگۈ خاتىرجەملىكىگە ئاتاپسەن... ما-
نا ئەمدى ئەجرىڭ بەدىلىگە ئېرىشكەن
بەخت ۋە شادلىقتىن سۆيۈنۈپ ئاسايىشلىق
سېگنالى بولغان، يېقىملىق ناخشاڭدا ئۇ-
لارغا تېخىمۇ شادلىق بېغىشلاۋېتىپسەن...
مەن تېخىمۇ ھاياجان بىلەن ۋارقىرىدىم:
— چوپان يىگىت! ئاشىقىم چوپان
يىگىت!!

ھەر كىم ئۆز سۆيگۈسىنىڭ يۈكسەك ۋە
چىنلىقىغا ئىشىنەلىسە، ماڭا ئوخشاش «چا-
قىرغانلارنى» ئىزدەپ تاپالىسا مەندەك جار
سالالايدۇ، سۆيگۈسىنى مەندەك
ئاشكارىلىيالايدۇ!!

## ھەسەن - ھۈسەن

كۆك ئانا بۇ سادالىرىمدىن ھاياجانلى-
نىپ ۋە مېنىڭ مۇرادىمنىڭ ۋىسال تاپقى-
نىدىن شادلىنىپ، خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆ-
كۈپ ئۈستى - بېشىمغا بەخت چاچقۇسى —
مەرۋايىت يامغۇرىنى چاچتى، بۇ مەرۋايىت-
لارنى مېنى سۆيگۈگە ئېرىشتۈرگەن ۋە ما-
ڭا ھەقىقىي بىر مەشۇقىنى ئۆستۈرۈپ، يې-
تىلدۈرۈپ بەرگەن يېشىل زېمىنغا ھەدىيە
قىلدىم. يېشىل زېمىن ئۇنى قوبۇل قىلىپ
يېشىل تونىنىڭ ھەر بىر يېپىغا زەر كەبى
قادىدى. بۇ بەخت سوۋغىسى مەرۋايىتلار
كۈچلۈك نۇر كەبى چاقناپ جاھاننى نۇرغا
پۈركىدى، بىر قىسمىنى ئەرشتىكى قوشنى-
سى كۆك زېمىنغا ھەدىيە قىلدى، كۆك زې-
مىنمۇ بۇلارنى زەڭگەرەڭ تونىغا قادىدى.
شۇنىڭدىن بېرى كۆك زېمىن باغرىدا يۇل-
تۇزلار پارلاپ كېچە ئاسمىنىنى يورۇق نۇر-
غا پۈركەيدىغان بۇ نۇرلۇق مەرۋايىتلار
پەيدا بولدى. بۇنىڭدىن شادلانغان كۆك
ئاتىمۇ زېمىن ئانىغا بەخت رەڭلىك شاھى
رومال ھەدىيە قىلدى. بەخت ئانىسى —
ئىشق سۇلتانى بۇ ھالدىن زوقلىنىپ، بۇ-
لارغا ئاپىرىن ئېيتىپ كۈلۈۋىدى، كۆزلى-
رىدىن چاقنىغان نۇردىن رەڭگا - رەڭ نۇر-
لار ھاسىل بولۇپ، كۆكتە يەنە بىر بەخت
نۇرى پارلىدى. بۇ ئەنە شۇ بەخت چاچقۇ-
سى — يامغۇردىن كېيىن پارلايدىغان ھە-
سەن - ھۈسەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ شۇ
ئاينىڭ ئۆزىدە بۇ زېمىن بەخت زېمىنىغا
ئايلاندى.

## ۋىسال

يېشىل زېمىن گويا ۋىسال كېچىسىدىكى سۈس چىراغدەك كۆلرەڭ يوپۇقىنى يۈزىگە ياپقاندا چوپان يىگىتمۇ پادىلارنى ئارامگاھىغا باشلاپ ماڭدى. كەچنىڭ ئىللىق شامىلى ئۇنىڭ يۈز ۋە بويلىرىنى زوق بىلەن سۆيمەكتە، مەنمۇ ئاستا شامالغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سالدىم ۋە ئاستا-ئاستا باغرىغا ئۇنىڭ ھالال تەرى بىلەن قوشۇلۇپ سىڭىپ كەتتىم (بۇ مېنىڭ ئارمىنىم ئىدى).

— مەن ۋىسالغا يەتتىم!

## ئەقىدە

... تەڭ كېچە، ئاندا - ساندا بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازى. ئاندىن پادىلار چوپان يىگىتنى چاقىرىپ مەرەشتى... چوپان يىگىت مىلتىقتىن ئېتىلغان ئوقتەك تېزلىك بىلەن ئىككى سەكرەپ ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى... بۆرە بىلەن قانلىق جەڭ قىلدى... دەسلەپىدە خىرىس قىلىپ چوپاننىڭ قوللىرىنى يارا قىلغان بۆرىلەر مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا يەر چىشلەپ يېتىپتۇ. يەنە تىنچلىق. مال-پادىلار تىنچ ئۇيقىغا چۆمدى، ئۇ بىردىنلا چۆچۈپ كېچە شىۋىرغىنىدىن قوغداپ قونالغۇسىغا ئەكىرىۋالغان، قوزا، تايچاق، موزاي بوتىلاقلىرىدىن ئەنسىرىگەندەك يۈگۈرۈپ كىردى. مەن سابا ئەللەي ناخشامنى ئېيتىپ چوپان يىگىتنىڭ بۇ ئارزۇلۇق جانلىرىغا خاتىرجەملىك ۋە ئاراملىق بېرىۋاتاتتىم. ئۇلارنىڭ تاتلىق ئۇخلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولۇپ ئاستا تۈشكىگە باش قويدى. مەن ئاستا شىۋىرلىدىم:

— خاتىرجەم بول، سېنىڭ ئەزىزلىك، مېنىڭ ئەزىزىم، ئامانىتىڭنى ماڭا قوي جېنىم، قوزىلىرىڭمۇ «چوپانسىز ئەمەس».

## سەھەر

ئۇ تېخى ھېلىلا بۆرە بىلەن ئېلىشقان، ھاردۇقىمۇ چىقمىغان ئىدى. ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەي تەبىئەت ئانا قارا رومىلىنى ئاقۇش كۆك رومالغا ئالماشتۇرۇۋىدى، ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرغىنىچە كۆلخان يېقىشقا تۇتۇندى. سىلەر ئاناڭلارنىڭ تويىغا راسلانغىنىدا ياغلىق ئالماشتۇرغىنىنى كۆرگەنمۇ، جانان يارىنىڭ دېرىزە پەردىسىنى قايرىپ قىيا باققىنىنى كۆرگەنمۇ؟ سىلەر تىنچ ئۇيقۇدا ياتقىنىڭلاردا ئاشۇ ياغلىق ئالماشتۇرۇش، پەردە قايرىشنىڭ ئاشۇ شەپىسىز ھەرىكىتىدىن ئويغىنىپ كېتەمسىلەر؟ بۇ سەگەك يىگىتنى ئاشۇ شەپە ئويغاتتى، خۇددى كۆز چىراغلىرىنىڭ يىپىسى تەبىئەت ئانىنىڭ روملىغا چېكىپ قويۇلغاندەك. ئۇ ياققان كۆلخان يېشىل زېمىن باغرىدا ئېچىلغان چوغلۇقتەك، يېشىل زېمىننىڭ چېكىسىگە يارىشىملىق ئاتەش گۈلى قىستى، تەبىئەت ئانا ئاقۇش كۈمۈشرەڭ رومىلىنى ئارتىۋىدى، ئۇ پادىلارنى كەڭ زېمىنغا پايانسىز قىلىپ سېلىنغان يېشىل تائام، يېشىل شەربەت بىلەن تولغان داستىخانغا باشلاپ كەلدى.

قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن كۈچلۈك ئەقىدە، دەقىقىمۇ كېچىكمەي ئورۇنلىنىپ كېتىۋاتقان بۇرچ!

كۆز ئالدىمدا بارغانچە گەۋدىلىنىۋاتقان بۇ گەۋدىگە قاراپ چەكسىز سۆيۈندۈم، ماڭا شۇنداق كەم-كۈتىسىز جانانىنى ئېسىپ قىلغان ئاللاغا، ئىشق سۇلتانىغا مىڭلارچە تەشەككۈر ئېيتتىم.

## كەشتىلەنگەن مۇھەببەت

جانانىم يېشىل زېمىندا بورچىنى ئادا قىلماقتا. مەن پۈتكۈل مۇھەببىتىم سىڭگەن يېشىل رىشتىمدە ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈمنى، يۈرىكىمنى ياغلىقىمغا كەشتىلەپ چىقتىم. كەشتە بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى سىڭگەن تەنگە مەنمۇ بىر - بىر سىڭىپ كەتتىم، كۆزلىرىم بولاقتا، ۋۇجۇدۇم تاغقا، تېنىم يېشىل تۇپراقتا، مۇھەببىتىم ئۇ يېشىل زېمىن كۆكسىگە ئاسقان چولپانغا ... سىڭىپ كەتتى. كەشتىلىنىپ پۈتكەن ياغلىقنى سۆيگۈمنىڭ شاھىدى ۋە ئەبەدى تاۋابگاھىم قىلىپ سەجدە قىلىدىغان تاۋابگاھىمغا ئاستىم.

## يېشىل مۇھەببەت

يېشىل زېمىندىكى يېشىل بولاقلار، يېشىل بوستانلار، قامەتلىك تاغلار، ماۋۇتەك يېشىل تەنلەر، ئاتەش خالىسىق نۇر جامالىلار... قەلبىمنى ئۆرتىگەن چوپان يىگىت، قەلبىمنى سەگىتكەن گۈزەل تۇيغۇلار، يېشىل زېمىندىن كەلگەن يېشىل ئاۋازلار... ماڭا چەكسىز بەخت ۋە تەخت ئاتا قىلغان يېشىل يىگىت، يېشىل مۇھەببىتىم.

## ئىشق سۇلتانىغا ئىلتىجا

— ئى ئىشق سۇلتانى، سەن مېنىڭ بۇ يېشىل مۇھەببىتىمگە مەڭگۈ باھار ئاتا قىلغايسەن، ئۇ مەڭگۈ ياشىرىپ تۇرغۇسى، ئىشق زېمىندا مەڭگۈ سولمايدىغان ۋە مەڭگۈ سارغايمايدىغان ۋە مەڭگۈ قۇرۇمايدىغان بۈيۈك ۋە قۇدرەتلىك بىر ئىلاھى دەرەخ بولۇپ ئەبەدى كۆكلەپ قالغۇسى!!

## يېشىل جانانغا سالام

— ئى يېشىل زېمىنغا كېتىۋاتقان سابالار، يېشىل جانانىمغا يېشىل مۇھەببىتىمنى يەتكۈز، ئۇنىڭمۇ قىزىغان ۋۇجۇدىنى مېنىڭ يېشىل سالامىم! يېشىل مۇھەببىتىم بىلەن سەگىت،

## جانانغا خىتاب

— ئى يېشىل جانان، سەن مېنى ئىشق ئوتىدا كۆيدۈرمىدىڭ، بەلكى سۆيگۈ باھارى بىلەن سەگىتتىڭ. چۆللەرگە يول سالمىدىڭ، يېشىل جەننەتكە باشلىدىڭ. ئىشقىڭدا مېنى ئۆلتۈرمىدىڭ، بەلكى يېڭى گۈزەل ھاياتلىق بەردىڭ، ساڭا مىڭلارچە رەھمەت، مېھىر بولىقىڭغا قانغىچە چۆمۈلدۈم، يەنە ئېيتىمەن ماڭا ئۆلمەس ھاياتلىق بەردىڭ، مەن ئىلگىرىكى مۇھەببەتنىڭ قۇربانى بولىدىغان ئاشىقلاردىن ئەمەسمەن، بەلكى مۇھەببەت ئۈچۈن مەڭگۈ ياشىغۇچى، مەڭگۈ ئۆلمەس ئاشىقمەن.

— ئى نىگارىم مەن سەن ئۈچۈن باقى ئالەمدىكى جەننەتتىن ئەمەس، مانا بۇ كۆرەش ئالەمىدىن ئەمگەك بىلەن بەخت يارىتىپ جەننەت ياراتتىم، بەخت رەڭدە تۇشەك ياسىدىم، مەن سېنى كۈتىمەن، پادىلىرىڭنى بۆرە - قاۋاندىن غەم يېمەيدىغان گۈزەل «ئارزۇيۇڭنى»، ئىشقا ئاشۇرغىنىڭدا جانانىڭ راسلىغان تۆشەككە كېلەرسەن (بۇ قەلبىڭنى سەن ئىزھار قىلمىغان بىلەن سۆيگۈ ئىلاھى ماڭا دەپ بەردى.)

## خاتىمە

ئويلاپ قالدىم:

— چىن سۆيگۈ مۇشۇنداق زۇمرەتتەك يېشىل بولسا كېرەك.

# ئىككى نەسىر

نۇر مەھەممەت توختى

## مەشۇت

مەشۇتنىڭ ئەۋرىشىملىكتە تەڭدىشى، زىلالىقتا سۈپەتدىشى، يۇمشاقلىقتا قۇردىشى، ئىنچىكىلىكتە زاماندىشى يوق. ئۇ نۇردەك يۇمشاق، نۇر تالالىرىدەك ئىنچىكە، نۇردەك گۈزەل، مەيىن شامالدەك ئەۋرىشىم.

يىپەك يۇرتىنىڭ قىزلىرى يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە ئۈجمە ياپرىقى بىلەن پىلە باقىدۇ. قىش كۈنلىرى ئىشخانىلاردا پىلىدىن مەشۇت سوزىدۇ. ئاھ، تارىختىن بېرى ئۇلار سوزغان مەشۇتنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ھېسابلاپ چىقىش مۇمكىنمۇ؟ ئۇ تارىختەك ئۇزۇن. قۇياش ھەر كۈنى چاچقان نۇرلارنى ئىنچىكە نۇر تالالىرىغا ئايلاندۇرۇپ بىر - بىرىگە ئۇلاپ چىقساق، يىپەك يۇرتىنىڭ قىزلىرى سوزغان يىپەكنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا تەڭلىشەلەرمۇ؟ ياق، ياق...

جاھاندىكى بارلىق نەرسىلەر كۆزگە كۆرۈنمەس رىشتىلەر بىلەن بىر - بىرىگە باغلىنىپ، چېچىلىپ كەتمەي تۇرىدۇ. ئاينىڭ، قۇياشنىڭ، يۇلتۇزلارنىڭ ئورنى مۇقىم. تاغلارنىڭ، دەريالارنىڭ، چۆل ۋە بوستانلىقلارنىڭ ئورنى مۇقىم. شەھەرلەرنىڭ، يېزا-قىشلاقلارنىڭ ئورنى مۇقىم... ئۇلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ تۇتۇپ تۇرغىنى نېمىكىنە؟ « يىپەك يۇرتىنىڭ قىزلىرى سوزغان ئىنچىكە مەشۇت رىشتىلەر ئۇلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ. چېچىلىپ كېتىشكە، بىر - بىرىدىن يىراقلاپ كېتىشكە يول قويمايدۇ.» ئاھ بۇ راستمىكىن؟

مەن يىپەكچىلىك فابرىكىسىنىڭ سېخىدا، مەشۇت سوزۇۋاتقان گۈزەل قىزلارنىڭ ئەپچىل قوللىرىغا قاراپ تۇرغىنىمدا ئاشۇلارنى خىيال قىلدىم. مەشۇتنىڭ ئەۋرىشىملىكى، زىلالىقى، يۇمشاقلىقى، ئىنچىكە-نازۇكلىقى قەلبىمگە تالاي سوئاللارنى تاشلىدى. مەن بۇ سوئاللارنى يېشىشكە ئاجىز ئىدىم. خىيال بىلەن تۇرغىنىمدا يىپەكچى قىزنىڭ كۆز چاناقلىرىدىكى ئۈنچىدەك ياش تامچىلىرىغا كۆزۈم چۈشتى. سورۇشتۇرۇپ بىلدىمكى: مۇھەببەت ئىزغىرىنىغا دۇچ كەپتۇ. قاشتاشچى يىگىت يىپەكچى قىزنى تاشلاپ كېتىپتۇ. ئۇ سوزغان مەشۇت جاھاننى بىر - بىرىگە چېتىپ تۇرالىغىنى بىلەن يىگىتنى باغلاپ تۇرالماپتۇ... قىزنىڭ كۆزلىرىدىن تامچىغان ياش تولىمۇ ئىسسىق ئىدى. ھەممە نېمىنى يۇمشىتىش — ئېرىتىۋېتىش قۇدرىتىگە ئىگە ئىدى. مەن ھېلىقى سوئاللىرىمغا جاۋاب تاپتىم. مەشۇتكە ئەۋرىشىملىك بەخش ئەتكىنى مۇھەببەتنىڭ كۆز يېشى ئىكەن. ئۇنىڭ گۈزەللىكىمۇ، يۇمشاق - مېھرىبانلىقىمۇ، ئىنچىكە - نازۇكلىقىمۇ مۇھەببەتتىن ئېلىنغانىكەن.

## ئالۋاستى

يولدا ناتونۇش بىر نازىنىن ئۇچراپ، مېنى باغرىغا بېسىپ مەھكەم ئۇچا قىلدى، لەۋلىرىنى لەۋلىرىمگە يېقىپ، ئىشتىياق بىلەن سۆيۈپ كەتتى. ئۇ پا - ئەگىلىكىنىڭ قويۇق پۇرىقىدىن تىنالماي بۇرۇختۇم بول- دۇم. ئۇنىڭ قۇچاقلىرىدىن ئاجراش ئۈ- چۈن بۇدۇكشۇدۇم، بولمىدى. ئۇ يەنىمۇ مەھكەمرەك قۇچاقلاپ ئەمدى لەۋلىرىمنى چىشلەشكە، يۈزلىرىمدىن يالاشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ قۇچاقلىرىدا تولغىناتتىم. ئۇ- نىڭدىن رەھىمە ۋە ھايا تىلەيتتىم. مۇھەببەت، ئىللىقلىق ۋە راھەت ئۈمىد قىلاتتىم. ئۇ بولسا خۇددى تۆمۈردىن ياسالغان ماشىنا ئادەمكە ئوخشاش پەقەت سۆيەتتى، يالايتتى ۋە قۇچاقلايتتى، تاتلىق، ئوتلۇق، يالقۇن- لۇق سۆزلەرنى پىچىرلايتتى. لېكىن بۇ گەپلەر، مېنىڭ قۇلىقىمغا مۇزدەك سوغۇق ئاڭلىناتتى، مەن يەنىلا غودۇڭشىيتتىم...

ئۇ مېنى تاشلاپ يولىغا كېتىپ قالدى. ھوشۇمغا كېلىپ بىلدىمكى، يانچۇقۇم قۇ- رۇقدىلىپ قاپتۇ. ئۇ ھەميىنىمنى — بارلىق پۇللىرىمنى ئېلىپ كېتىپتۇ. مەن سۆيۈلۈش ئۈچۈنمۇ ھەق تۆلەشلازىملىقىنى چۈشەندىم.

(بېشى 82 - بەتتە)

خىزمىتى قىلاي دەپمۇ ئويلىدى، لېكىن بىر بالا بىلەن خەقنىڭ ئۆيىگە پاتمىدى، ئاخى- رى ئاچلىق، مۇھتاجلىق ۋە بالىسىنىڭ ئېغىر كېسەللىكى بىلەن بىر خەيرىخاھ ئا- يالنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولدى. بۇ قاتناش تەرەپتە ئۆيى بار، ياشلىقىدىن قالغان بول- سىمۇ لېكىن تېخى ھەۋەستىن قالمىغان قې- رى سەتەڭ گۈلنارخان ئىدى.

× ×

ئولتۇرۇش ئاخىرلاشقاندا يېرىم كېچە بولۇپ قالغانىدى، ساھىپخان ھەممىمىزنى ئۇزىتىپ قويدى، تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشى- دا مېھمانلار بىر - بىرى بىلەن خەيرلى- شىپ، ئۇزاپ كېتىشتى. كوچىدىكى چىڭدالغان قار كورىغا ئۇيۇتقان قوي مېيىدەك توڭ- لاپ كەتكەنىدى، مېنىڭ پۇتۇممۇ سوغۇقتا توڭلاپ خۇددى يۇرىكىمدەك ئېچىشماقتا. توڭغىلاق يولدا مۇدۇرۇپ - چوقۇرۇپ كې- تىۋاتقان يالغۇز ئايالنىڭ — ياقۇتىنىڭ قارى- سى يوقالغىچە كەينىدىن قاراپ تۇردۇم. كۆزلىرىمدىن ئاققان ئىسسىق تامچە ياش يۈزۈمدە توختاپ مەڭزىمنى توڭدۇردى، مەن پەلەيىم بىلەن يېشىمنى سۈرتىۋەتتىم. ئار- قامغا بۇرۇلۇپ ئېرىمغا يېتىشىۋالدىمدە يۈ- رۈپ كەتتىم.

# مېۋىسىز گىياھ

(ھېكايە)

تۇرسۇنجان مۇھەممەت

قاۋۇل ئاكا يەتمىش يىل ياشىدى. يەنە قانچە يىل ياشايدىغانلىقىغا ئۆزى بىر نېمە دېيەلمەيتتى. بىراق، كەڭ يەلكىلىرى، كۆس-كۆس دەسسەپ يەرنىڭ قوۋۇرغىسىنى ئېگىشلىرى، ئۆسكىلەڭ قامىتى — قاۋۇل ئىسمىغا ماس كەلگەن ھەممە تەرەپلىرى كىشىگە ئۇنى يەنە يەتمىش يىل ياشايدىغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

يەرلىك گېزىتنىڭ ئىختىيارىي مۇخبىرى قاۋۇل ئاكا پىشۇرۇپ بەرگەن بىر تۇخۇمنى پاك-پاكىزە بىر تەرەپ قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەققىدە گېزىتكە شۇنداق يازغانىدى:

«... قاۋۇل ئاكا مىللىتىمىزنىڭ بايلىقى، يۇرتىمىزنىڭ سەنئەتتە كۆلتاجى. ۋىلايىتىمىز تەۋەسىدە، جۈملىدىن شەھىرىمىزدە ئۇ تەڭدىشى يوق گۆھەر. ئۇ يەتمىش يىللىق ھاياتىدا ئۈچ دەۋرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھاياتىنىڭ قىممەتلىك دەقىقىلىرىنى سەنئەت ئۈچۈن قۇربان قىلدى. ئۇنىڭ دادىسى، ھەتتا بوۋىسىدىن باشلاپ تەمبۇر بىلەن مىللىتىمىزنىڭ مەشھۇر ئىجادىيىتى ئۇن ئىككى مۇقامنى ساقلاپ، ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. مىللىتىمىز ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ، خەلقىمىز ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق ھۆرمەتكە سازاۋەر زاتكى...» نېمە ئۈچۈندۇر ئاشۇ گېزىت پات-پاتلا قاۋۇل ئاكىنىڭ قولىغا چىقىپ قالاتتى. چەت-چۆرىلىرى تىتىلىپ، قاتلاقلىرى كېسىلىپ، ئەسلى رەڭگىدىن كېتىپ قالغان گېزىتنىكى ئۆزىنىڭ تەمبۇرنى مەھكەم قاماللاپ چۈشكەن سۈرىتىگە ئۇزاقتىن-ئۇزاق تويماي قارايتتى. ساۋاتى بولمىغاچ بەزى-بەزىدە گېزىتنى باشقىلارغا ئوقۇتۇپ كۆرەتتى-دە، ئۆزى ھەققىدە مۇخبىرنىڭ قەلىمىدىن تۆكۈلگەن مەدھىيىلەرنى باشقىلارنىڭ تىلىدىن ئاڭلىغىنىدا خۇشاللىناتتى، قەلبى زور تەسەللىي تاپقاندەك، كۆكسى-قارنى بوشاپ قالاتتى.

ئۇ پەقەت يەتمىش ياشقا كىرگەندىلا يالغۇزلۇق، يىگانىلىقنىڭ دەردىنى راسا تارتتى. خۇدا ئۇنىڭغا ھەممىنى — ئۆمۈرنى، ھۈنەرنى، ئابرويىنى، مەرتىۋىنى ئايىماي بەردى. دادىسى، ھەتتا بوۋىسىنىڭمۇ ئاتمىش ياشتىن ئاشمىغانلىقى ئۇنىڭغا مەلۇملۇق، چىدىغۇسىز ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىسىنى بالدۇرلا بۇ ئالەمدىن — سەنئەت دۇنياسىدىن ئايرىغانىدى. ئۇ خۇدانىڭ ئۆزىگە بەرگىنىدىن رازى ئىدى. بىراق، خۇدانىڭمۇ چىدىمىغان يەرلىرى بار. ئۇنىڭغا ئەنە شۇلارنى بەردىيۇ، بىرلا نەرسىنى، يەنى پەرزەنت — يىلتىز بەرمىدى. ئۇ ئۆيلەنـ

دى، توي قىلىغانلىدىمۇ ئۆزىنىڭ شوخ كۆيـ
لىرىگە ئاشىق بولغان بىر قىزغا ئۆيلەنـ
دى. بۇ ئۇنىڭ ئون ئالتە ياشلىق چاغلىـ
رى ئىدى. بىراق، ئۇنىڭدىن ئىنسان قەۋـ
مىگە تەۋە بولغان ھېچبىر يىلتىز ئاينى
مىدى. ئۇنىڭ ئايالى تەقىدىرنىڭ كاجلىـ
قىدىن تۇغماس چىقتى. ئۇ شۇنچە ئەتىۋارـ
لاپ، ئەقىدە قىلىپ ئالغان ئايالىنىڭ
تۇغماس چىققىنىدىن، خۇددى خېچىردەك
ئۆزىگە بىرەر ئەۋلاد قالدۇرۇپ بېرەلـ
مىگىنىگە كۆپ ئۆكۈنەتتى. ئەمما، ئايا-
لىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرگەچكە، بۇ تۇرـ
قىدا ئايالىغا ھۆتۈت ـ پۆتۈت قىلىپ دىـ
لىنى رەنجىتىشكە رەپتى بارمايتتى. ئۇنىڭـ
سىزمۇ تۇغماس چىققان ئايالىنىڭ ئەل ئالـ
دىدا ئۇيۇلىدىغان تەرەپلىرى
كۆپىۋۇ.

ھەممىنىڭ يامان يېرى، بىر نەچچە يىل
ئاۋۋال، ئەشۇ بىچارە ئايالى قەلبى پەرـ
زەنت ئىشقىدا خۇن بولغان قاۋۇل ئاكىنى
زار ـ زار يىغلىتىپ، ئەللىك يىللىق ئاـ
ئىلە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئاللانىڭ
ئالدىغا كەتتى. مانا شۇنىڭدىن بېرى، ئۇ
، تەمبۇرى بىلەنلا، ياق ـ ياق، تەمبۇرنىڭ
كۈيلىرى بىلەن دىلى ياشارغان ئاۋامنىڭ
قوينىدا ياشاپ كەلدى. ئۇنى ھەر قانچە
خۇشال دېگەندىمۇ ئاشۇ تەمبۇردىن بۆلەك
بىرەر مۇشۇكى بولسىچۇ كاشكى...

بۇ نامراتلىقتىن ئەمەس، كوپىراتسىيە
ۋە ئاشخانا ۋاقىتلىرىدىمۇ ئۇ ھېچقاچان
نامراتلىقنىڭ، ئاچارچىلىقنىڭ تەمىنى تېـ
تىپ باققان ئەمەس. ئاشۇ يىللىرى كىشىـ
لەر تورغاي بىلەن تەڭ تۇرۇپ، ئېتىزغا
ماڭغانلىرىدا، تومۇزنىڭ پىژغىرىم كۈنلىـ
رىدە، چېكىسىدىن قۇيۇلغان تەر بىلەن
زىرائەت سۇغىرىپ ئىشلىگەن ئەڭ جاپالىق

مىنۇتلاردىمۇ ھامان قاۋۇل ئاكىنى ناخشا
ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالاتـ
تى. مەھەللىدە قاۋۇل ئاكا بولغىنى ئۈـ
چۈنلا كىشىلەر ناخشا خۇمارى ئىدى. شۇڭـ
لاشقىمىكىن، ھەر كۈنى ئېتىز ئەتراپىدىكى
ئېگىز دۆڭگە چىقىرىپ قويۇلغان قاۋۇل ئاـ
كا تۆمۈر كاناي ئالدىدا تەمبۇرنى ئۇلگىـ
لىك تىيا تىرلارغا سايراتقان، ئاندا ـ ساندا
مۇقامنىڭ كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىـ
تىدىغان ئۇزۇندىلىرىنى قوشۇپ ئوقۇغانـ
لىرىدا ھاياجاندىن ھارغىنلىقى ئۇنتۇلۇپ
كېتىدىغان ئاق كۆڭۈل قوشنىلىرى، رەھـ
مىدىل كادىرلار ۋە قاپىقىدىن مۇز ياغىـ
دىغان دۈيجاڭلارمۇ ئۇنى ئېغىر ئىشقا قويـ
مىغان، ئاتىسىدىن قالغان ھۈنىرى قاۋۇل
ئاكىغا يۆلەك بولغانىدى.

ھازىرچۇ؟ ھېلىھەم ئۇ كىشىلەر تەرىپىـ
دىن ئىززەتلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاپئاق ساقالـ
لىرى، مىسرەك چىرايىدىكى يەتمىش يىلـ
لىق ھايات مۇساپىسىگە باراۋەر كېلىدىغان
يىللارنىڭ يالدامىسى، تولا چېلىنغانلىقتىن
ئۇپراپ، سىلىقلىشىپ كەتكەن تەمبۇرنىڭ
دەستىسى ئۇنى كاتتا ھۆرمەتكە، يۇقىرى
ئابرويغا ئىگە قىلغانىدى. ئۇ كوچىلاردا
ھاسىسىنى تۈكۈلدىتىپ مېڭىپ كېتىۋىدىغان
بولسا، سالام ـ سائەتسىز، تېنىچ ـ ئامانلىقـ
سىز يول يۈرەلمەيتتى. توي ـ تۆكۈن، نەغـ
مە ـ ناۋالار ئۇنىڭسىز قىزىمايتتى.

مانا، ئۆتكەن يىلى ناھىيىنىڭ ھاكىمى
ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن ئىلاھىم — بۇمويـ
سىپىتكە شەھەردە ئۆي سېلىپ بېرىپ يېزىـ
دىن ئەپچىقىۋالدى. ئۇنىڭچە بولغاندا
پوستەكتىن قىلىنغان ئۇماچنى تەڭ ئىچكەن
يار ـ بۇرادەرلىرىدىن، تاپالىغاننى تەڭ
ئويناپ كۈلگەن ئاداش، ئاغىنىلىرىدىن
ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. ئەمما بىر ناھىيە

يىڭگە ھاكىم بولغان كىشى ئۇنىڭدىن قورق-
مىغاندە. ئۇ ھەپتىدە بىر-ئىككى قېتىم نا-
ھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە بېرىپ، يېڭى-
دىن قانات قۇيرۇق چىقىرىۋاتقان چالغۇ-
چىلارغا مۇقام تېكىستلىرى ۋە چالغۇ مەشق-
لىرىدىن دەرس بەرسە، قالغان ۋاقىت-
لىرى ئاساسەن تەكلىپ قىلىنغان مەشرەپ-
لەردە تەمبۇر چېلىش بىلەن ئۆتەتتى. بە-
راق، ئۇ ئەنە شۇ ئويۇن - كۈلكىلەردىن
يۈرىكى مايدەك ئېرىپ، خۇشال قايتىپ
كېلەتتى - دە، ئۆزىنى سوغ كۈتۈپ تۇرغان
تۆت تامنى كۆرۈپلا لەسسىدە بولۇپ قالات-
تى. يۈرىكى سېلىشتىن توختاپ بەدىنى سو-
ۋۇپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتى.

... ئېسىت خۇدا، ماڭا تەمبۇر بىلەن
قېتىپ بىر ئوغۇل ئاتا قىلساڭ نېمەڭ
كەم قالاتتى؟ سېنىڭ قۇدرىتىڭسىز يەر-
زامان چۆرگىلىمەيدۇ - يۇ، قۇدرىتىڭدىن
بىر پەرزەنت ھاسىل بولمىسا - ھە!...

ئۇ ئەنە شۇنداق خىياللىرى بىلەن ئال-
لادىن ئاغرىناتتى، ئەمما چاپسانلا خۇدا-
نىڭ بەرگەن ۋە بەرمىگەنلىرىگە شۈكرى
قىلاتتى.

ئۇنىڭ ساقىلى ئاقارغانچە شۇنچە
ئابروي تېپىۋاتاتتى. بازار يۈزىدە ئۇ ئاي-
لىنىپ يۈرگىنىدە، بىرەر سودىغا دۇچ كەل-
سە كېلىشەلمىگەن ئالارمەن - ساتارمەن-
لەرمۇ ئۇنىڭ بىرەر ئېغىز سالاسى بىلەن
سودىدا كېلىشىپ قالاتتى. توغرىسى، ئۇ-
نىڭ ئاشۇ ئۇچتەك ئاقارغان ساقىلى مانا
شۇنداق سورۇنلاردا ئۆز قۇدرىتىنى ناما-
يەن قىلاتتى. ئۇ قېرىغانچە، چارچىغانچە
تەكلىپلەر كۆپىيىۋەردى. ئۇنىڭسىز توي
بولغان قىزنىڭ كۆز يېشى كۈلكىگە ئايلان-
مايتتى. ئۇنىڭسىز ئىچكەن چاي چايدەك
تېتىمايتتى، شۇنداقلا ئۇ قاتناشمىغان توي-
مەرىكە ھېساپلانمايتتى.

خۇدا قاۋۇل ئاكىغا پەرزەنت بەرمىگەن
بىلەن، قالغىنىنى ئايىماي بەرگەنىدى.
سەھەردىكى بامدات نامىزىدىن كېيىن،
ھاردۇق يېتىپ ئۇخلاپ قالغان قاۋۇل ئاكا
ئاخشامقى مەشرەپنىڭ داۋامىنى چۈشىدە
كۆرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ قوللىرى شۇنچىلىك
كۈچلۈك ئىدىكى، زەخمەك تۇتۇۋالغان
بارماقلار تارىلار ئۈستىدە سەكرەيتتى. بىر
كۈچىيىپ، بىر ئاجىزلاۋاتقان تارىلار سا-
داسى ھىجران ئازابىدا پۇچۇلانغان ناتى-
ۋان قىزنىڭ يۈرەكتىن ئېقىۋاتقان سېغىنىش
ئۇچقۇنلىرىغا، ئانىنىڭ تۈن كېچىلەردىكى
ئەللەيلىرىگە، بوۋاقنىڭ سەبى كۈلكىلىرى-
گە ۋە بىر يۈرەكنىڭ ھايات ئۈچۈن سوقۇش-
لىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان كۈيلەرنى ئاپى-
رىدە قىلىپ، ئېڭەك تۇتۇپ ئېزىلىپ ئول-
تۇرۇپ كەتكەنلەرنىڭ قەلبىنى رام قىلى-
ۋالغانىدى. قاۋۇل ئاكىنىڭ يېرىم يۇمۇل-
غان كۆزلىرى ئۆزىگە مەھلىيا بولۇپ ئول-
تۇرغان ئاشۇ توپنىڭ ئارىسىدىن بىر تو-
نۇش چىراينى كۆرۈپ قالدى.

... ئاھ، بۇ سەنمۇ؟ سەن مېنى، مېنىڭ
ناخشامنى سېغىنىپ كەلدىڭمۇ؟...

ئۇ ۋارقىرىغانچە ئويغىنىپ كەتتى. بۇ
ئۇنىڭ چۈشى، چۈشىدە كۆرگىنى بولسا ئۇ-
نىڭ بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ئۆلۈپ كەت-
كەن ئايالى ئىدى.

ئايالىنىڭ چۈشىگە كىرىشى ئۇنى تولىمۇ
ھالسىزلاندۇردى. ئۇنىڭ روھى چۈشكۈن،
قەلبى ئارامسىز ئىدى. ئۇ بىلمىدىغان ئا-
يەتلىرىنى ئوقۇپ يۈرۈپ سۈپكۆچلەپ ئا-
يالىنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىشقا تۇتۇندى.
ئۇنىڭ روھى خۇددى قەبرىستانلىقتىكى ئەر-
ۋاھتەك، تۆت تامنىڭ ئىچىدە غەمكىن ئاي-
لىنىپ يۈرەتتى.

ئۇ دۇئادىن بوشاپ سىرتقا چىقتى. قۇياش زېمىننى ئەتىگەندىن بېرى قىزدى-تىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ھالسىز دەرمانى قۇياشنىڭ بۇ ئىللىق، سېھىرلىك، ھايات ئاتا قىلغۇچى نۇرلىرىنى ئېمىپ قايتىدىن جانلاندى. يېڭى بىر ھاياتلىق كۈنى ئۇنى چاقىرماقتا ئىدى.

ئۇ بۇ كۈننى بەكمۇ خاراموشلۇق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. نەگىلا قارىمىسۇن ھامان چۈشىگە كىرىپ قالغان ئايالى ئۇنىڭ خىيالىدىن نېرى بارمايتتى، ھەتتا ئۆزىنىڭ سايىسىدىنمۇ ئايالىنىڭ سىماسىنى كۆرگەندەك بولاتتى.

كەچكە يېقىن ھاكىمنىڭ ماشىنىسى ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىدا ئۈندى.

— قاۋۇلكا، ھوي قاۋۇلكا، بارمۇسەن؟

— سەنمىدىڭ ئەسئەت؟ نېمە ئىش بىلەن كېلىشىڭ؟ - قاۋۇل ئاكا ھاسىسىغا ئېسىلىپ ئۆيدىن چىقتى.

— ھاكىمىڭگىزدە مېھمان بار، - دېدى شوپۇر كۆزىنى قىسىپ، - سېنى، سېنىڭدەك يۇرتىمىزنىڭ گۆھەرىنى ئۇلارغا بىر كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن چىللاپ كېلىشكە مېنى چاپتۇردى. قېنى، چوڭمۇچىڭنى ئالامسەن؟

— بۈگۈن تازا تاۋىم يوق ئۇكا. مېھمانلارنى رازى قىلالماسمەنمىكىن دەيمەن...

— نېمە دېگىنىڭ بۇ قاۋۇلكا؟ سەن كېچىچە ئاشۇ بىر نېمەڭنى تىرىڭلىتىپ ئولتۇرامدىمەنمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىۋاتامسەن؟ بىلىپ قوي، ئۇلار دېگەن يازغۇچىلار، سېنىڭدەك سەنئەت پېشىۋالىرى. سەن بىرەر پەدە چېلىپ بېرىسەن - دە، قالغىنىنى ئۇلار ئۆزلىرى قىزىتىۋالىدۇ. تانسا دەپ ئاڭلاپ باققانمۇ سەن؟ قېنى، چاپسان بول. بىر-ئىككى ناخشا تىۋلاپ قويۇپ، قورسىقىڭنى راسا بىر بېقىۋالامسەن؟

ئۇلار يولغا چىقىشتى. ماشىنا قۇيۇندەك پېقىراپ، قاۋۇل ئاكىنىڭ كۆزىنى ئالا-چەكمەن قىلىپ يولغا چۈشتى. ھودۇقىنىدىن دەرەخلىك يولدا كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان قاۋۇل ئاكا ھەر بىرتۈپ دەرەخنىڭ ئاستىدىن ئۆتكەندە گويا بېشىغا تېگىپ كېتىدىغاندەك تۈگۈلۈۋالاتتى.

ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئۇلار ھاكىمنىڭ ياسىداق قورۇسىنىڭ ئالدىدا ماشىنىدىن چۈشتى.

— قېنى مېھمانلار، مەن تونۇشتۇرۇپ قوياي، - دېدى ھاكىم مېھمانخانىدا چىڭقىلىپ ئولتۇرغان بىر توپ كىشىلەرگە قاراپ، - بۇ ياق ناھىيىمىزنىڭ سەنئەت پىرى قاۋۇل ئاكا بولىدۇ.

مېھمانلار گۈررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، قوللىرىنى كۆكسىگە قويغىنىچە قاۋۇل ئاكىغا سالام بېرىشتى. ئاندىن ئۇنى ئۆزىمىغانغا قويماي تۆرگە تەكلىپ قىلىپ چىقىرىشتى.

— سەت ئىش بولدىغۇ، - دېدى قاۋۇل ئاكا ساقىلىنى سىپاپ قىسقا پاتىھە قىلغاندىن كېيىن، - ھەر قايسىلىرى مېھمان تۇرۇپ، مېنىڭ تۆردە ئولتۇرۇۋالغىنىمنى...

— ياق، ياق، ئۇنداق دېمىسىلە، ناملىرىنى كۆپ ئاڭلىغانىمەن - دېدى يارىشىملىق چىمەن دوپپا كېيگەن، چىرايىدىن بالىلىق چىقىپ تۇرىدىغان بىر ياش يىگىت قاۋۇل ئاكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، - ئىسمىم قاھار، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتىمەن. سىلىنىڭ خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن مۇقام ئۈزۈندىلىرى ئېلىنغان ئۈنئالغۇ لېنتىسىدىن بىر نەچچە يۈرۈش سېتىۋالغانىدىم. شۇ ناخشىلىرىنى ئاڭلاپلا پىشقان سەنئەتكار ئىكەنلىكلىرىنى بىلگەنىمەن. ئۆزۈممۇ بىر ناخشا خۇمارى،

لېكىن سىلىنىڭ مۇبارەك دىدارلىرىنى كۆرۈش نېسىپ بولمىغانىدى...

ئۆزىگە شۇ قەدەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بۇ يىگىت نېمە ئۈچۈندۇر قاۋۇل ئاكىغا بەكمۇ ئىسسىق بىلىنىپ كەتتى. ئۇ غۇۋا بىر تۇماننىڭ ئىچىدىن ئۆزىگە قاراپ كۈلۈۋاتقان ئوغلىنى كۆرگەندەك بولدى.

زىياپەت باشلاندى، ئۈستەللەر كىشمىش بىلەن تولدى. پات-پات لىگەن-پەتنۇسلاپ قوزا كاۋاپىمۇ كەلتۈرۈلەتتى. مېھمانلارمۇ زوق-شوقى بىلەن تاماقلانغاچ پاراڭغا چۈشتى.

— سۈپتاي دەپ ئاڭلاپ باققان بولغىيتىڭلار. مانا، شۇ يەردە ئاشخانا ئۇمۇملاشمىغانىكەن. بىر بىچارە ئاشخانا ئېچىپتۇ، ئەمما تۈگىمەس پۇشايمانغا قاپتۇ، نېمىشقا دېمەمسىلەر؟ كىشىلەر ئاشخانىغا ئاتتىن چۈشمەيلا، كىرىدىكەندۇق.

— گېرمانىيىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىمۇ ئۆزگىچە ئىكەن. بىرسى سىزنى تاماققا چىللايدىكەن، ئەمما يېگەن تامىقىڭىزنىڭ پۇلىنى يەنىلا ئۆزىڭىز تۆلەيدىكەنسىز.

— ياپونىيىلىكلەرنىڭ مېھماندوستلۇقى، مېھمانلار ئالدىدا ئىززەت قىلىپ قول قويۇشتۇرۇپ تۇرۇشى بىزنىڭ يۇرتىنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ئاساسەن ئوخشاپ قالىدىكەن.

ئۇلار ئەنە شۇ تەرىزدە قايسى بىر شەھەر ۋە شۇ شەھەر خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە سۆزلەشتى. ئۇلارنىڭ پارىڭىدىن كۆپنى بىلىدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. قاۋۇل ئاكىمۇ بۇنداق ۋاقىتلاردا قورسىقىنى ئۇتتۇرۇۋېتىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. يېقىندىن بېرى قەۋەتلا ئىشتىھالىق بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ سۆھبەتكە قۇلاق بەرگەچ لام-جىم دېمەستىن لىگەنگە دۇم چۈشتى.

— ئەمدى بىرەر پەدە چالامدىلا ئۇستام؟ — دەپ شىۋىرلىدى ئەسئەت ھاكىمنىڭ ئىما قىلىشى بىلەن قاۋۇل ئاكىنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىنى يېقىپ.

— ئالدىرىما قورساق توق، كۆڭۈل شوخ دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ قورساق بىر ئاز ئەستەرلىنىۋالسۇن، ئاندىن بىر گەپ بولار...

ھاكىم قاۋۇل ئاكىغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قوياتتى. مېھمانلارمۇ كىكىرىپ، ئۇ يەر-بۇ يەرنىڭ پارىڭىنى قىلغاچ قاۋۇل ئاكىغا قاراشتى. يا ئۇنىڭ ئالغۇنىنى قويۇپ بېرەلمەي ياكى قاۋۇل ئاكىنىڭ چالغان بىرەر پەدە ناخشىسىنى ئاڭلىيالماي، سۆزلەيدىغان گەپمۇ تۈگەپ كەتتىمىكىن، بىر چاغدا ھەممەيلەن جىم بولۇشتى. تانسا دېسە ئايىغى چىقىپ، يورغىسى گۈل كەلتۈرىدىغان نازىنىنلار مۇشۇ تەشنالىق ئىچىدىكى كۈتۈشلەردىن يەتكۈدەك بېزار بولۇشقانىدى. قىپقىزىل بوياق بىلەن گۈلنىڭ بەرگىلىرىگە ئوخشىشىپ ياسالغان نېپىز لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، كۆز-قاش ئېتىشىپ، بىر-بىرىگە قاۋۇل ئاكىنى ئىما قىلىشاتتى.

ئۇھ، ئاخىرى ئۇ تويۇندى، سوزۇپ بىرنى كىكىردەتتى. ساقاللىرىنى سىلاپ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، ئۆزىگە رىسقى بەرگەن ئىگىسىنىڭ ھەققىدە كۆپ دۇئالارنى قىلغاندىن كېيىن، تەمبۇرنى قولىغا ئالدى.

— مېھمانلار، — دېدى ھاكىم يېنىك بىر تېنىۋەتكەندىن كېيىن ئىزاھلاپ — بۇ كىشى ئەلىمساقتىن تەمبۇر بىلەن ئۆتكەن بىر ئائىلىنىڭ ئەۋلادى. ئۇن ئىككى مۇقامنىڭ تەمبۇرى بىلەن ساقلىنىپ قالغان. شۇ ۋەجىدىن ناھىيىمىز خەلقى مانا شۇ سەنئەتكارى بىلەن پەخىرلىنىدۇ...

— ئۇستازىمىزدىن تېزرەك بىر نەمۇنە ئاڭلايلى، - دېدى قاھار قولىدىكى پىيالەنى قويۇپ ئۇنىڭغا ئۇمىدلىك تىكىلگىنىچە،

ئاياللارمۇ ھەۋەسىنى زورىغا باستى.

مېھمانلار تىنچلاندى، مېھمانخانىدا تەمبۇرنىڭ كىشى ۋۇجۇدىنى تىترەككە سالغۇچى سېھرلىك ساداسى ئاستا - ئاستا، خۇددى بىپايان كەتكەن تۈزلەڭلىكنىڭ ئۇپۇق بىلەن سۆيۈشكەن يېرىدىن ئاڭلىنىۋاتقان بۇلاق سۈيىنىڭ شىلدىرلىشىدەك بىر مەپتۇن قىلغۇچى سادا كۈچۈيۈشكە باشلىدى.

ئاسمانىڭدا ئاي بولۇپ،
جىمى ئالەمنى تەڭ كۆرسەم.
پىيالەڭدە چاي بولۇپ،
لەۋلەرىڭنى كۆيدۈرسەم.
..............................

ناخشا بىرىدىن - بىرىگە ئالمىشىپ، قاۋۇل ئاكىنىڭ ئىلھامى جۇش ئۇردى - دە، يېگەن كاۋىپىغا لايىق چېلىشقا باشلىدى. دەسلەپ كەيپىيات خېلىلا كۆتۈرۈلدىكىدەك بولسىمۇ، بىراق كەينىگە كەلگەندە پىچىرلاش كۆپىيىپ كەتتى.

قاۋۇل ئاكا چالماقتا. چېكىسىدىن قۇيۇلۇۋاتقان تەر كۆپۈپ چىققان بويۇن تومۇرلىرى ئۇستىدىن سەلدەك تېشىپ، ئاپئاق يەكتىكىگە قۇيۇلماقتا. ئاۋازى بوغۇلماي، ناخشىنى شۇنداق ياخشى ئېيتىۋاتقان، تەمبۇرنى بارمىقى بىلەن ئېلىپ، شۇنچە نەپىس چېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئولتۇرغانلار رازى ئەمەستەك قىلاتتى. شۇڭا كۆپ ئۆتمەي ئىچكۇلۇك باشلاندى.

— قاۋۇل ئاكا، يېڭىراق كۈيلەردىن يوقمۇ؟ - قاھار بىر چاغدا تاقەتسىزلەنگىنىدىن ئۇنى توختىتىۋالدى. ئۇ خېلىلا قىزىپ قالغانىدى.

— ھار - بار، - قاۋۇل ئاكا بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆگىنىۋالغان بىر ناخشىغا چېلىشقا باشلىدى:

زەپەرەڭ خېنىم ۋاي زەپەرەڭ خېنىم،
ئۇسسىغاندا لاي سۇ ئىچىپ زاغرا يەڭ خېنىم...

— تولا ئاڭلاپ كىكىرىپ كەتكەن ناخشىلار، - دېدى يىگىت ئۇناسۇك قىلىپ، - قاۋۇل ئاكا، شۇ يېشىڭىزچە ئۆزىڭىز ئىجاد قىلغان ناخشىلاردىن بىرەرنى چېلىپ بەرسىڭىز قانداق؟

مېھمانخانا جىمىپ كەتتى، ئولتۇرغان ھەممەيلەن شۇ بىر سوئالنى بىراقلا قويغاندەك، تەمبۇرنى تۇتقىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغان قاۋۇل ئاكىنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ ئۇنىڭ ئېغىزىغا قاراشتى. قاۋۇل ئاكا مەڭدەپلا قالدى. كۈنلەردىن بىر كۈن تەقدىرنىڭ كىشىلەر ئارقىلىق شۇنداق بىر سوئالنى ئۆزىگە قويىدىغانلىقىنى ئەسلا ئويلاپ كۆرمىگەنىدى.

جىمجىتلىق، خۇددى گۆرىستانلىقتىكىدىن قىلچە پەرقلەنمەيدىغان، سۈرلۈك بولمىسىمۇ ئادەمنى ئارامسىزلاندۇرىدىغان جىمجىتلىق. قاۋۇل ئاكا ئەنە شۇ سۈكۈنات ئىچىدە يا ئاسمانغا چىقىپ كېتەلمەي، يا يەرگە كىرىپ كېتەلمەي، كۆزلىرىنى يەرگە قادىغىنىچە لاتا قورچاقتەك قېتىپ ئولتۇراتتى.

— بۇ... دېدى ئۇ بىر چاغدا زۇۋانغا كېلىپ، - تولىمۇ خىجىلمەن ئوغلۇم. شۇ يېشىمغىچە مۇقامنى ساقلاپتىمەن - يۇ، ئۆزۈم بىرەر ناخشا ئىجاد قىلالماپتىمەن...

— ھەي، ساقلاش بىر مەسىلە. بىراق، ئىجاد قىلماسلىق خۇددى پەرزەنتسىز كەتكەن ئاتىدەك، نام - نىشانسىز، ئىز - دېرەكسىز غايىب بولۇش دېمەكتۇر. مۇقامنى ساقلاپ ياخشى قىپسىز. ئەمما ئۇنى يېتىم

ماپسىز. بىزنىڭ مۇقاملىرىمىز ئون ئىككىدىن ھالقىسا ھېچ ئىش بولمايتتىغۇ!

پەرزەنت سۆزى چىقىش بىلەن ئۇنىڭ يارىسىغا تۇز سېپىلدى. كۆڭلى چېچىلىپ، كۆز ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ سىرغىشقا باشلىدى.

— قاۋۇل ئاكىنىڭ ئايالى تۇغماس ئىدى، — دەپ چۈشەندۈردى ھاكىم مېھمانلارغا قاراپ، — بالا دېسە بۇ سەنئەتكارىمىزنىڭ يۈرىكى ئاقىدۇ. بالا دېسە كۆزىدىن ئاققىنى ياش ئەمەس، يۈرەكىنىڭ زەردابى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئالەمدە ئەۋلاد قالدۇرالمىغانلىقىدىن ئازابلىنىدۇ.

— ياق، ئۇ ئۆزى تۇغماسكەن، — قاھار زەردە بىلەن ۋارقىرىدى، — مەن ئىسەقىدە باغلىغان سەنئەتكارنىڭ ھالى شۇنچىلىك بولسا... ئۇنىڭ تەمبۇرى تۇغاتتىغۇ! ئۇ ئايالىدىن بالا كۆرەلمىسە نېمە ئۈچۈن تەمبۇردىن كۆرمىدى؟ ئۇ ئۆزى تۇغماس. ئۇ مانا شۇ ئىسكەتى بىلەن يەتمىش يىللىق سەنئەتكارمەن، دەپ يۈرەمدۇ تېخى؟ ئۇ ئاشۇ ئۇزۇن يىللارنىڭ قوينىدا نېمىشقا بىرەر مۇقام ئىجاد قىلالمىدى؟ ھەتتا بىر ناخشىمۇ ئىجاد قىلماي باشقىلارنىڭكىنى تۇۋلاپ يۈرۈپتۇ. ئۇمۇ بىرەر ناخشا ئاپىرىدە قىلسا، باشقىلار ئۇنىڭ ناخشىلىرىنىمۇ ئېيتىپ يۈرسە مانا، بالا دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئاشۇ ناخشىسى بىلەن يادلىنىپ، ئاشۇ ناخشىسى بىلەن ئەۋلاد قالدۇرمامتى؟ ھەي ئېسىت يەتمىش يىل...

يىگىت سۆزلىگىنىچە كېلىپ، قاۋۇل ئاكىنىڭ قولىدىن تەمبۇرنى ئالدى. تارلىرىنى قايتىدىن تەڭشەپ، يېڭىنى شىمايلىغىنىچە يېنىك چېكىشكە باشلىدى.

ئاھ، شۇنداقمۇ ناخشا بولامدۇ؟ بۇ ناخشا ئەمەس، بەلكى جەننەتتىكى ھۆرلەرنىڭ كۈلكە ساداسى، پىچىرلاشلىرى ۋە ھاياتلىقنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ نازلىق چىللاشلىرى ئىدى. ئاھ، بۇ مۇزىكا ئەمەس، تومۇرلاردىكى قاننىڭ ئېقىش شاۋقۇنى، تىرىكلەر دۇنياسىنىڭ شەۋدىلاشلىرى ۋە ئىنسان ئەقىل .. پاراستىنىڭ كۆلەڭگىلىرى ئىدى...

قاھارنىڭ ناخشىسى شۇ قەدەر يېقىملىق ئىدىكى، قاۋۇل ئاكا يەتمىش يىللىق ھاياتىدا بۇنداق يېڭى ۋە بۇنداق جەلبكار ناخشىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. ناخشا ئۇنىڭ قەلبىگە ئېرىتىلگەن گۈل سۈيىدەك قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ھەر بىر ئەگىم، ھەر بىر تاۋۇش، ھەر بىر تىۋىش شۇنچىلىك ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاندىكى، ناخشىغا بېرىلىپ كەتكەن قاۋۇل ئاكىنىڭ يۈرىكى ئېزىلدى. يىگىتنىڭ سۆزلىرى بىلەن مۇزىكا قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جانانچىنىدەك جاراڭلايتتى.

قاھار ناخشىسىنى تۈگەتتى. گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرىدىن مېھمانخانا راملىرى جىرىڭلاپ كەتتى. ماختاشلار، ئاپىرىن ئېيتىشلار ئەۋج ئېلىپ، مېھمانلار ۋە ھاكىم قاۋۇل ئاكىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، يىگىتنى تەبرىكلەشتى.

— ئوغلۇم، بۇ ناخشىنى سەن كىمدىن ئۆگەنگەن؟ — قاۋۇل ئاكا ھاياجاندىن يىگىتنىڭ قولىنى چىڭ قىستى، — ئېيتقىنا، سېنىڭ ئۇستازىڭ كىم؟ مەن قالغان ئۆمرۈمنى شۇ كىشىگە شاگىرتلىققا ئاتىۋەتتىم.

— قەلبىمدىن ئاتا، شۇنداقلا ئىجادىيىتىمنىڭ غەيرەت - شىجائىتى، تىرىشچانلىقى ۋە بىرىنچى مۇقامدىن ئون ئىككىنچى مۇقامغىچىلىك ئىجاد قىلغان ئۆممەدۋارلىق روھىدىن ئۆگەندىم. ئىشىنىمەنكى، مەن چوقۇم سەنئەت ساھەسىدە يېڭى ئىجادىيەت بىلەن پەرزەنتىمنى ئادا قىلىمەن. ھازىر سەنئەتكارلىرىمىز ئارىسىدا شۇنداق بىر كېسەللىك بار. بىر تۇغاندىن يار كەتسە، ئىباباردىكى جىمى سۇ ئاشۇ كەڭلىككە يوپۇرۇلغاندەك، بىرەرسى سەنئەت بېغىدا يېڭى يول تاپسا ھەممە شۇ يولغا كىرىۋالىدۇ. بىرى بىر ناخشا ئىجاد قىلسا ھەممىنىڭ تىلىدا شۇ ناخشا ھەتتا ئۆزلىرىمۇ تېكىستىنى بىلمەيدىغان چەت ئەل كىنو ناخشىلىرىنى دوراش بىلەن تاماشىبىنلىرىنىڭ كۆڭۈل ئۈچۈنلا چېلىپ

قويغان ئازغىنا چاۋىكىدىن سۆيىنىپ، ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان سەنئەتكارلىرىمىزمۇ دۇرغۇن... بۇ كېسەلنى داۋالاش كېرەك، توپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ داۋالاش كېرەك. مەن شۇ يولدا ئىزدىنىمەن...

ئاشۇ بەزمىدىن كېيىن، قاۋۇل ئاكا بىراقلا قېرىپ كەتتى، يەتمىش يىللىق ھاياتىنىڭ يېگىلمىقسىز، مېۋىسىز، خۇددى تۇرغۇن سۇدەكلا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئويلىماسا، ئۆزىنى زېمىنمۇ قوچىقىغا ئالمايۋاتقاندەك، ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالاتتى. ئۇنىڭ قەلبى پۇچۇلاندى، قولىغا تەمبۇرنى ئالدى. ئەمما ئۇنىڭ ئەقلى، ماغدۇرى، غەيرىتى ئاساسەن خوراپ بولغانىدى. جىسمانىيىتى خىيالىغا، ئارزۇسىغا باقمايتتى. كىشىلەر ئۇنىڭغا بىر خىلدا مۇئامىلە قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئۆزىگە ھۆرمەت نەزىرىدە تىكىلىپ، بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدىغان خەلقىگە مۇزىكىدىن بولسىمۇ بىرەر «پەرزەنت» قالدۇرالمىغانلىقىدىن خىجىل بولاتتى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ھامان يىگىتنىڭ «ئۇ ئۆزى تۇغماسكەن، ئايالىدىن پەرزەنت كۆرەلمىسە، تەمبۇردىن كۆرەتتىمۇ!» دېگەن سۆزلىرى ياڭراپ ئۇنى بىئارام قىلاتتى. ئۆمرىدە چوڭ بىر ئىشقا سەل قارىغانلىقىدىن ئۆزىگە كايىپ كېتەتتى.

«ھەي ئەقىلسىزلىكىم، ئايالىمدىن خاپا بولۇپ يۈرۈپتىمەن، ئەمدى مەندىن كىم رەنجىيدۇ؟ يۇرتداشلىرىم، يۇرتۇم، يۇرتۇمنىڭ ئاسمىنى، تاغلىرى، سۇلىرى... ئەسىرلەر بىرى يېزىلىپ كېلىۋاتقان تارىخ...»

ئۇ ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن كۈننى ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئۆتكۈزەتتى. ئىشتىھاسىمۇ بىراقلا تۇتۇلۇپ كەتتى. ھاكىم ئۇنى چاقىرتمىدى. بەلكىم مېھمان كەلمىگەندۇر ياكى كەلسىمۇ ھېلىقى يىگىتنى چاقىرغاندۇر. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى ئارتۇقچە ئادەم، بۇ دۇنيادا ئەقىلسىزلىكىدىن بىرەر ئىز قالدۇرالماي كەتكەن كاردىۋان ھېسابلايتتى، ئۇ يېڭى كۈيلەرنى ئىجاد قىلىشقا شۇنچە كۈچەپ باققان بولسىمۇ، ياش ۋاقتىدا قەلبىدە بىخ سۈرمىگەن بۇ ئارزۇ دەرىخى مېۋىگە كىرەلمىدى. ئۇ، پەقەت ھەر قېتىم نامازدا تۇرغاندا، ئاللادىن شۇ بىرلا نەرسىنى تەلەپ قىلىپ دۇئاغا قول كۆتۈرەتتى.

— ھېلىقى يىگىتنى ئارزۇسىغا يەتكۈزگەيسەن ئىلاھىم! ئۇنىڭغا ئەقىل ۋە كۈچ-قۇدرەت، سالامەتلىك بەرگەيسەن، مېنىڭدەك ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا پۇشايمان يەپ قېلىشىدىن ساقلىغايسەن...

ئۇنىڭ قولىغا دائىم دېگۈدەك ھېلىقى گېزىت چىقىپ قالاتتى. ئەمما گېزىت كونىرىغان، ئۇنىڭدىكى سۈرەت خىرەلەشكەن، پەرق ئېتىش تولىمۇ قىيىن ئىدى. يەنە بىر قانچە يىل ئۆتۈپ كەتسە، بۇ سۈرەت تونۇغۇسىز ھالغا كېلىپ قالاتتى. ئۇ، يىرتىلىپ، ئۇچار يۇلتۇزدەك بۇ ئالەمدىن غايىپ بولاتتى. كەلگۈسىدە شۇنداق بىر گېزىتتە ساقاللىرى ئاقارغان بىر بوۋاينىڭ تەمبۇر تۇتۇپ چۈشكەن سۈرىتىنىڭ بېسىلغانلىقىنى ھېچكىم دەپ بېرەلمەيتتى...

# كۆپكەن يۇلتۇز

(ھېكايە)

ئۆمەرجان ئوبۇل

— مەن ئۆلۈمگە لايىق، مەن ئۆلۈشۈم كېرەك، ئاھ، خۇدا! نېمىشقا مېنىڭ جېنىمنى تېزرەك ئالمايدىغانسەن، بولدى ھەممىدىن كەچتىم، ئامانىتىمنى تېزراق ئال. مەنمۇ كېتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا قوللارچە تىزلىنىپ پۇتلىرىنى سۆيەي. كۆزلىرىمدىن پۇشايمان ياشلىرىمنى ئاققۇزۇپ، ئۇنىڭ نەپرەتكە تولغان قەلبىنى ئىللىتاي، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراي. شۇندىلا ئۇ مەندىن ئاداشقان سۆيگۈ قىساسىنى ئالسۇن. بىراق، مەن ئۇنىڭسىزمۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ بولغان ئادەممەن. بۇ جاھاننىڭ ماڭا نېمە كېرىكى، مەن زادى ئۆلۈشۈم كېرەك، ئۆلۈشۈم كېرەك... قارا ياكى سېرىقلىقىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان چىگىلەش چاچلار، بولاق بېشىدىكى تەگىز قويۇق چىملاردەك ئۆسكەن ساقاللار ئارىسىدا بىر مىسكىن كۆز ئالاسبۇلۇس ئۇچقۇنلارنى ياندۇرۇپ، تاڭ سۇزۇلگەندىن بېرى ئاشۇ ئۆرە بەدەن ئۈستىدە تىنىمسىز ھەرىكەت قىلماقتا. ئالاجوقا سادالار ياڭرىماقتا. ئۇ ئاشۇ ھالەتتە تۆمۈر رىشاتكىنى چىڭ قاماللىغىنىچە قاتتىق سىلكىمەكتە. بۇ ھال نېرىدا قاتتا بوز كېگىز ئۈستىدە ياتقان بىر قېرى مەھبۇسنى خاتىرجەمسىزلەندۈرمەكتە.

— ئوغلۇم، قايسى پېشكەل سېنى بۇ يەرگە سۆرەپ كىردى؟ — مەھبۇسنىڭ خىرقىراپ چىققان ئاۋازى بىلەن بۇ چۈشىنىكسىز ۋارقىراشلار بىر پەس جىمىدى.

— مەن گۇناھكار، كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزگەن ئادەم. مەن پەقەت ئۆلۈمگە لايىق، ياق ماڭا ئۆلۈممۇ ئازلىق قىلىدۇ.

— قېرى جېنىمنى نېمانچە قىينايدىغانسەن، كۆڭلۈمنى خاتىرجەمسىزلەندۈرمەي ئېيتقىنا، شەيتان سېنى نېمە ۋەس-ۋەسكە سالدى؟

ئۇشتۇمتۇت يۇقىرى بېسىملىق توك لىنىيىسى ئۈزۈلۈپ تاشلانغاندەك ئۇنىڭ تۆمۈر رىشاتكىنى تۇتقان قولى ئاجراپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا سىرلىق بۇتقا ئوخشايدىغان بىر جانسىز گەۋدە تۇراتتى. ئۇ مىدىرلاپمۇ قويماي جىم تۇراتتى، كۆزلىرى بىر نۇقتىغا مەھكەم قادالغاندەك قېتىپلا قالغانىدى. قېرى مەھبۇس ئۇنىڭ بۇ تۇرقىدىن ھەيرانلىق ۋە قورقۇنچقا پاتقانھالدا «ئوغلۇم» دېگەن تىترەك ئاۋازلى ئاران چىقىرالىدى.

— بوۋا سەن نېمىنى سوراۋاتىسەن، كىمدىن سوراۋاتىسەن، مەندىنما؟ مەندىن نېمىنى سورىماقچىدىڭ، پۇشايمان، ھۆك، ئازاب، جۇدالىقنىڭ ئازابلىرىنىمۇ؟ سەنمۇ

ئادەم ئۆلتۈرگەنمىدىڭ؟ ياق دېدىڭمۇ؟
ئۇنداقتا سەن قېرى ئوغۇرلۇق قىپتىكەن-
سەن - دە! ئۇلار بىزنى نېمىشقا تېزراق
ئۆلتۈرۈشمەيدۇ، ئېيتقىنا زادى نېمىشقا
شۇنداق...؟!

— ئوغلۇم، نېمىلەرنى دەۋاتىدىغانسەن،
بۇ دېگەن قانۇننىڭ ئىشىغۇ، قانۇن دېگەن
ئالدىرىماي ھەق - ناھەقنى ئايرىپ يەكۈن
چىقىرىدىغۇ؟- قېرى مەھبۇسنىڭ ئاشۇ زەردە
ۋە نارازىلىق ئىچىدە ئېيتىلغان سۆزلىرى-
گىمۇ بىر خىل تەشۋىش سىڭىپ كەتكەنىدى.
— بۇ بەك كەچۈرگۈسىز ئېغىر گۇناھ
بوۋا، شۇ تاپتا تېنىمنى قىيما - چىيما قى-
لىپ، ئېچىرقاپ كەتكەن يىرتقۇچلارغا يەم
قىلىپ بەرسەمۇ ئۇنىڭ روھى مېنى يەنىلا
كەچۈرمەيدۇ. ئۇمۇ يەنىلا ماڭا ئازلىق قى-
لىدۇ، ئۇ بەك چىرايلىق ئىدى...

— ئۇ، ئۇلار دەيسەنغۇ، ئۇ دېگەن زادى
كىم؟

— ئۇ قىز ھەقىقەتەنلا تاپەتلىك پەرى-
زاتنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇنى شۇنداق ياخشى
كۆرەتتىمكى، ھەتتا بىرەر تال ئەركەك چى-
ۋىننىڭ قونۇۋېلىشىغىمۇ رازىلىقىم يوق ئى-
دى. ئەمما، بىز تېخى توي قىلمىغان ئى-
دۇق. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا بولغان ئامراق-
لىقىمنىڭ زىيادە بولغىنىدىن بولسا كېرەك،
ھەمىشە نەرسىدىن كۆڭلەپ ھەسەت قىلغۇم
كېلەتتى. ئاھ، شۇ كۈنى مېنى نەس باستى.
بەلگىلەنگەن جايغا يېرىم سائەت بۇرۇن
كېلىۋالغانلىقىمدىن بەك تىت - تىت بولۇ-
ۋاتاتتىم. سائىتىمنى ئۇرۇپ چېقىۋەتكۈم
كېلىپ كەتتى، كۆكتە تولۇن ئاي ئۈزۈپ يۈرەتتى.
ئاي گويا مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك،
مەنى بىلەن چاقچاق قىلىشىۋاتقاندەك يات-
يات بولۇت ئارىسىغا شۇڭغۇپ ماڭا كۆز
قىسىپ قاراۋاتقاندەك ئىدى.

ئۇ كەلدى. كۆكتىكى كۈمۈشتەك نۇر چې-
چىۋاتقان ئاينى يەردە كۆرگەندەك بول-
دۇم. ئاشۇ قىز ماڭا تەئەللۇقمىدۇ؟ ئاشۇ
تەڭداشسىز ھۆسنى جامال، گۈزەل قامەت
مېنىڭمىدۇ؟ قىز بارغانسېرى يېقىنلاپ كې-
لىۋاتاتتى. زىلۋا قەددىگە ھۆسن قوشقان
يىپەك كۆڭلىكى ئاي نۇرىدا شۇنچە جە-
زىبىدار كۆرۈنەتتى. شەھلا كۆزلىرى تول-
مۇ مېھرىلىك ئىدى. مەن ئۆزۈمنى ئاشۇ
كۆز ئىچىدىن ئىزدەشكە تولۇق ھەقلىق ئى-
دىم، ئاپئاق بويىنىغا ئېسىۋالغان مى-
دالىيون ئاي نۇرىدا جۇلالىنىپ كۆزنى قا-
ماشتۇراتتى. ئۇ مەن سوۋغا قىلغان سۆيگۈ
يادنامىسى ئىدى...

ئۇ مەن تۇرغان جايغا يېقىنلىشىپلا قال-
دى، شۇنداقتىمۇ تەقەززالىقىم چېكىگە يەت-
تى. توختاۋسىز يېلىنجاۋاتقان كۈچلۈك ھې-
سسىيات كۆكرەك قەپىزىمدە تىپىچەكلەۋاتاتتى،
شۇ مىنۇتتا ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چاق-
قاندەك قاباھەتلىك بىر مەنزىرە شەكىل-
لەندى. قىزنىڭ يېنىدا ئېگىز بوي، شاپ
بۇرۇت بىر ئەبلەخ پەيدا بولۇپ قالدى،
چۆچۈپ كەتتىم. ئىككىسى ھېچبىر تارتىنماي
سىزلا كونا تونۇشلاردەك، مەڭگۈلۈك مۇھەب-
بەتداشلاردەك سۆزلىشىپ كەتتى. ئارقىدىنلا
قاقاقلاپ كۈلگەن تېتىقسىز سادالار ئاڭ-
لاندى. ئۇنىڭ كۈلكىسى مەن ئۈچۈن تېپىل-
غۇسىز لەززەت، كۈچلۈك شىجائەت ئىدى.
ئەمما ھازىرقىسى مېنى ئەڭ بېزار قىلدى،
شۇ كۈلكىدىن يەتكۈچە بەزدىم. يۈرىكىم
غا يىپ بىر قول تەرىپىدىن مۇجۇلغاندەك
بولدى. مەن ئۇنى تولۇق كۆرۈپ تۇراتتىم.

ئۇمۇ مېنى كۆردى، بىراق ئۇ چۆچمىگەندەك، يېنىدىكى ھېلىقى ئەبلەخنىڭ مېنى كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمىغانىدەك، ھەتتا قاتتىق قورققاندەك تېزلا ئارقىغا بۇرۇلۇپ ھېلىقى ئەبلەخنى يېتىلىگىنىچە بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن كېتىپ قالدى. تېتىقسىز كۈلكە يەنە ياڭرىدى، قانلىرىم كۆۋەجەپ يۈزۈم بىلەن مۇشتۇمغىلا يىغىلىۋالغاندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ قىلىقىغا ئەمدى چىدىيالماي قالدىم. ھېلىقى ئەبلەخ قىزنىڭ ئىنچىكە بېلىدىن تۇتۇۋېلىپ پىرقىرىتىپ ئايلاندۇرغىلى تۇردى. قانداقلارچە ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن، قولۇمدا مەرمەر نەقىشلىق پىچاق ۋاللىداپ تۇرۇپتۇ، كۆزۈمگە قان تولغانىدى. ئېھتىمال ئۇلار كەلگىنىمنى سەزمىگەن بولسا كېرەك، پەرۋاسىز كېتىۋاتاتتى. غەزىپىم تېخىمۇ تاشتى، ھېچبولمىسا ئاز - تولا ئەيمىنىپ قويسا بولمامدىكىنە؟ بار كۈچۈم بىلەن شاپ بۇرۇتقا قارىتىپ تىغ ئۇردۇم. ئاھ! بۇ چىدىغۇسىز پاجىئە ئەنە شۇ يەردىن كېلىپ چىقتى. شاپ بۇرۇت ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. ياق، قىز ئۇنى يانغا ئالدى. قاراملىق، ھەسەت، گۇمان، قانخورلۇق بىلەن جان پۇراپ كېتىۋاتقان ئەزرائىل تىغ قىزنىڭ تولغان كۆكسىگە تەگدى. ئىزىمدا گويا قاققان قوزۇقتەك قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. كاچىتىمغا زەرب بىلەن ئۇرۇلغان ئىككى تەستەك تەگدى.

— ئاكا، ئۇنى ئۇرما، ئۇنى ئۇرمىغىن ئۇ...

قىز شۇلارنى دېيەلىدى - دە، قاتتىق بىر چىرقىراپ كۆپپىدە يىقىلدى. بۇ ئېھتىمال ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاۋازى بولسا كېرەك. قايتا ئاڭلاشقا سازاۋەر بولالمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈمنى تاشلاپ يىغلىدىم، قاقشىدىم. ئەمما ئەمدى ئۇ مەڭگۈلۈك يىقىلغانىدى. پەقەت ھېچ ئىش بولمىغاندەك تىنىچ، خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقاندەك ياتاتتى. ئوچۇق تۇرغان كۆزلىرىدىنلا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ھەيرانلىق قېتىپ قالغانىدى. ئۇنى باغرىمغا باستىم، چاچلىرىنى سىلىدىم. ئاستاغىنا ئورنۇمدىن تۇرۇپ خەنجەرنى ئىزدىدىم. ئۇ ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. مەن ئاخىر ئۆلۈۋېلىشقا ئامالسىز قالدىم. ھېلىقى شاپ بۇرۇت يېنىمدا تېخىچىلا جىمجىت تۇراتتى. قولۇم ئۇنىڭ ياقىسىنى قامالىدى. غەزەپ بىلەن قاتتىق سىلكىپ ۋارقىرىدىم:

— سەن كىم، كىمسەن؟

قۇلىقىمغا پەقەت «ئاكىسى، ئاكىسى» دېگەن سادالا ئاڭلاندى. ئاھ، ھەممىسى مانا مۇشۇ، ھەممىسى شۇ. تۈگىدى، تۈگىدى ھەممىسى تۈگىدى. مەن زادى ئۆلۈشۈم كېرەك، ئۆلۈشۈم كېرەك. مەن ئۆلۈمگە لايىق، مەن ئېمىشقا ئۆلمەيمەن، مېنى ئۆلتۈرۈڭلار، مەنمۇ ئۇ يەرگە كېتەي، تېزراق بولساڭلارچۇ؟

ئۇنىڭ يەنە ئەسەبىيلىكى تۇتقىلى تۇردى. قېرى مەھبۇسنىڭ نەسىھەتلىرى ھېچ قۇلىقىغا كىرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

# شئېرلار

ئۆمەرجان توختىروزى

## يۇرتۇمنىڭ ھىدى

(باللادا)

بۇ يەر يېزا، بۇ يەر سەھرا،
بۇ يەر دېھقان ماكانى.
بۇندا ئۆتكەن مېنىڭ زاتىم،
كەسىپ قىلىپ جاپانى.

بىر خىل ھىد بار تۇپرىقىدا،
تىمسالى يوق جاھاندا.
بۇنداق ھىدنى بۇ كۇنگىچە،
يۇتىمىدىم ھېچ ماكاندا.

مەنبەسىنى ئىزدەپ ئۇنىڭ،
كۆپ ئويلۇدۇم، زورۇقتۇم.
ئەمما، بۇ سىر يېشىلمىدى،
ئەقلىم بولدى يورۇقتۇم.

ئاخىرى، شۇنداق خىتاب قىلدىم:
— تۇپراق، سىرىڭ قىل ئايان!
شۇئان يەرگە زۇۋان كىرىپ،
دېدى: «قەدىم بىر زامان —

بۇ يەر چەكسىز كەتكەن تاشلىق،
تۇپراق دېگەن يوق ئىدى.
زاتىڭ ئۇچۇن ئوزۇق - ئاشلىق،
تاشتا ئۆسكەن مۇخ ئىدى.

سوقۇپ تۇرار ئىدى پات - پات،
قۇم ئارىلاش تاش بوران.
ئۇ دەم سىرتتا قالسا زاتىڭ،
قايتاتتى باش - كۆزى قان.

بوران تىنسا، كولايتتى مۇخ،
يىلتىزلىرىن قېينىلىپ.
شۇ تەرىقە كۇن ئالاتتى،
مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ.

ئۆلگەنلەرنى قوياتتى، جاي -
تېپىپ زور تاش قېنىدىن.
تۇپراق ھاسىل بولدى كېيىن،
ئۆلگەنلەرنىڭ قېنىدىن.

ئاشۇ تۇنجى تۇپراق ئۆزرە،
بىر تۇپ گىيا كۆرۈندى.
‹بۇغداي› دېدى زاتىڭ ئۇنى،
ئۇرۇق ئېلىپ سۆيۈندى.

زاتىڭ خالى سىڭگەن سىرى،
ئېتەك يايدى بارچە يەر.
قۇمنى توسۇپ چۆرىسىگە،
دەرەخ تىكتى تىرىكلەر.

تەر تىمىتتى يەرگە، يەردىن -
ئۇندى رىسقى قوش بولۇپ.
ئاخىر ئۆزى شۇ تۇپراققا،
كەتتى يەنە قوشۇلۇپ.

ئوخشىمىغاي ئۆزگە يۇرتقا،
شۇڭا ھىدى يۇرتۇڭنىڭ.
بۇ خۇشبۇي ھىد ‹ئوبدان پۇرا›،
ھىدى ئۇرۇق - پۇشتۇڭنىڭ.»

بۇ بايانى ئاچلاپ بېردىن،
تومۇردا قان كۆپۈشتى.
بار ھېسلېرىم سۆيگۈ بولۇپ،
تۇپراق بىلەن سۆيۈشتى.

كۆز تاشلىدىم، مۇھەببەتتە،
دەرەخ، مايسا، گىياغا.
كۆڭۈل - كۆكسۈم تولدى شۇ دەم،
كۆيدۈرگۈچ نۇر - زىياغا.

ئۆز - ئۆزۈمگە سۆزلەپ قالدىم:
— يۇرتۇم جېنىم ماكانىم.
سەن ئۆز زاتىم، سەن ئۆز بوۋام،
سەن ئەڭ ئۇلۇغ مازارىم.

ئەمدى تۇيدۇم پاك ھىممىتىڭنى،
يېگەن ئاشۇ - نانلاردىن.
بۇ پۈتكەنىڭ خاك - پاكىڭغا،
سىڭگەن تالاي قانلاردىن.

جانۇ - تېنىڭ بولۇپ بەدەل،
كۆكلەپ كۈلسە بۈگۈنۈم؛
رەبتارىڭغا كېلەرمۇ ماس؟
زاتىم، ئەسىنەپ يۈرگۈنۈم.

شۇ پىداكار ئەجداد نەسلى،
گۈللەشكە ئۆز يېرىمنى.
ئوغلۇم دېمە، قالسام ئاياپ،
زاتىم، ئاجىز جېنىمنى.

## ھۆپۈپ قىچقىرىپ

يېزا يەرلىرىدە،
ھۆپۈپ قىچقىرىپ،
يەنە بالدۇر بېدە كۆكلىدى.
بالىلار،
ئېشىكىگە، بۆككە كۆك تېرىپ،
كېلەر، چىم كۆكەرگەن ئېرىقنى بويلاپ،
ئېتىكىدىن تۆكۈلەر، يېڭى كۆك ھىدى.

كېلەر، چىم كۆكەرگەن ئېرىق قېشىدىن،
بولۇۋېلىپ، يالاڭ ئاياغ.
ئاشۇ كىچىك، قىزىل پۇتلار ئۇزاقتىن،
زارىقىپ كۈتكەن،
ئىللىق، يۇمشاق، تۇپراق باغرىنى،
شۇ پۇتلارنى قالغان سېغىنىپ،
ھەم ئانا تۇپراق.

كۆكنى ئانىلارغا بېرىپ ئىلغاشقا،
ئوغۇللار ماڭىدۇ ئويناش ئۇچۇن چۆك①.
ئۆيدە ئولتۇرماقنىڭ پەيزى نېمە؟— دەپ،
قىزچاقلارمۇ بولۇپ بۈگۈن جەم،
ۋىچىرلىشىدۇ،
ھەر بىر قىزچاق خۇددى بىر قارلىغاچ،
ئۈنلىرى چۇرۇك.

قىزچاقلار،
يالاڭ ئاياغ تېپەلمەس تەپكۈچ،
شۇڭا ئۇلار يەرگە شۇكۇنۇپ.
ئوينايدۇ بەشتاش②
ئويىنار، تۇيماس ھەتتا كەچ كىرگىنىنى.
ئانىلار توۋلايدۇ:
— قېنى سەن رەجەپ؟
— قېنى سەن بۇھەجەر، سوۋۇپ قالدى ئاش.

ئوغۇللار، مېھرىنى ئۈزەلمەس چۆكتىن،
قىزچاقلار مەيلىنى ئۇۋۇلغان بەشتاش.
ئانىسى ئۇلارنى چاقىرىپ قالار،
ئۇلار ئويناۋېرەر،
قېنىپ، ھارغىچە،
غەرىپتە زوقلۇنۇپ، قىلار تەبەسسۇم،
ئۇ، قېرى قۇياش.

① . ② - بالىلار ئويۇنلىرى

## «يۇرتتىشىم» غا

ئېسىڭدىمۇ يۇرتتىكى، ئېگىز بوستان جىگدىلىك.
قىش چىلىلىسى ئىككىمىز، شاخ سايلىغان جىگدىلىك.

ئوت - ياش قىلىپ ياشارغان نوتىسىنى كۆكلەمدە،
لاي قازاندا «ئاش» ئەتسەك، زەپ «قاينىغان» جىگدىلىك.

ياز كۈنلىرى چالىمىدىن سايىسىدا «ئۆي» ياساپ،
نىكاھ ئوقۇپ ئۆزىمىز «توي ئوينىغان» جىگدىلىك.

كۈندۈز «ئۇشاق چۈپەرەك»، ئاخشاملىرى «مۈكۈشمەك»①
ئوينىپ يۈرسەك ئاچ قورساق، ھېچ ھارمىغان، جىگدىلىك.

پىشىپ ياقۇت مېۋىسىنى، سوزسام قولۇم يەتمىگەن،
شاخلار ئارا فاغىلار خوپ سايرىغان جىگدىلىك.

جىگدىلىك، ئاھ، جىگدىلىك، ئارمان قوچقان جىگدىلىك،
ۋىسال ئۈچۈن ناھايات، جاي بولمىغان جىگدىلىك.

◁ ▷

# ئىككى شېئىر

### غوجەخمەت ئاۋۇت

## ماي

جىمىرلىشار كۆك ئاسماندا يۇلتۇزلار،
گۈزەللىكتىن چاقنار پۈتۈن كائىنات.
مارىلايدۇ دېرىزەمدىن تولۇن ئاي،
بۇ ئاخشامدا كۆزلىرىمگە ئۇيقۇ يات.
ھاياجاندىن تەپەككۇرۇم خۇددى تاي،
چاقىرماقتا كۆكتە مېنى يۇلتۇز - ئاي.

شىلدىرلىشار ئېرىقتىكى سۈزۈك سۇ،
جاراڭلىتىپ ھاياتلىقنىڭ كۈيىنى.
تەبىئەتنىڭ جۇشقۇن پەسلى گۈزەل ماي،
تىڭشىماقتا سۇنىڭ مۇڭلۇق كۈيىنى.
ئەمدى نېچۈن پەرۋاز قىلماي جىم تۇراي،
چاقىرماقتا كۆكتە مېنى يۇلتۇز - ئاي.

باھار كۈيى ئويغاتقان يەر-زېمىنلەر،
پېچىرلىشار ھاياتلىقتىن زوقلىنىپ.
مەن بېكىنىپ ئۆيدە قانداق ئولتۇراي،
تۇرسا ئىلھام يۈرىكىمدە بىخلىنىپ.
چاقىرماقتا مېنى جەڭگە گۈزەل ماي،
چاقىرماقتا كۆكتە يۇلتۇز، تولۇن ئاي!

## تولۇن ئاي

گۈلباغ ئىچىدە سەيلە قىلىپ يانىغاندا،
ھەمراھ بولۇپ بىرگە قايتتى تولۇن ئاي.
«كۆيدۈم» دېسەم قويۇۋەتمەي قولۇمنى،
دېدىڭ «ئەسكى» يەردىن ئۈستۈن قارىماي.

چاقنار يۇلتۇز جىمىرلىشىپ ئاسماندا،
چاقنار گويا سېنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىڭ.
ھاياجاندىن كۆيۈپ لەۋدى يۈرىكىم،
بىلدۈرگەندە سۆيگەنىڭنى شوخ كۆزلىرىڭ.

① - بالىلار ئويۇنلىرى

# سۆيگۈ قەترىلىرى

**تۇرسۇننىياز ئابدۇللا**

— ئابدۇكېرىم مەخسۇتنىڭ شۇ ناملىق غەزەللىرىگە مۇخەممەس

## تۆرەلگەنمەن بولۇپ قوشماق

ئېزىز يۇرتۇم، مېنىڭ بۇرچۇم سېنى مەڭگۈگە يار تۇتماق،
بېرىپ كۆڭلۈم، قۇيۇپ مېھرىم سېنىڭ كۆڭلۈڭ ئېلىپ ئۇتماق،
زەھەر سۇنساڭ پىيالەڭدە ئۇنى شەربەت بىلىپ يۇتماق،
سېنىڭ مېھرىڭ، مېنىڭ ئىشقىم تۆرەلگەنكەن بولۇپ قوشماق،
سېنىڭ ھۆسنى - جامالىڭغا كۆزۈم تەشنا - دىلىم مۇشتاق.

چىرايلىقتىن چىرايلىقسەن، بېھىش يەڭلىغ گۈلىستانىم،
سۆيۈملۈكسەن، كۆيۈملۈكسەن، يېقىنسەن شۇنچە غەمخانىم،
كۆزۈمگە تۇتىيا ھەر بىر تېشىڭ - تۇپراقۇ ئاستانىم،
كۆڭۈل مۈلكۈم ئارا يوقتۇر سېنىڭدەك شاھى جانانىم،
سېنىڭسىز نە ئېسىپ بولغاي ماڭا بۇندا بەخت قۇچماق.

چىراي ئاچتىڭ قىزىلگۈلدەك يۈرەك تىنىماي سالار بولدى،
بوران - چاپقۇنغا بوي بەرمەي بويۇڭ سۇنماس چىنار بولدى،
ساڭا ئاسماندا يۇلتۇزلار بېقىپ ھەيران قالار بولدى،
سېنىڭ ئىزگۈ قۇچاقىڭدا دىلىم ئاتەشكە يار بولدى،
شۇ ئاتەش زەررىسى بىلسەڭ تىلىمدا مىڭ تۈمەن قوشاق.

ساڭا جاننى پىدا قىلسام خۇشالمەن گۆردە ياتقانغا،
ئېزىلاپ كۆتۈرەي دەيمەن سېنى شۇ دەمدە ئاسمانغا،
چىقارمەن دەس تۇرۇپ گەرچە چۈكۈپ كەتسەممۇ قانىمغا،
ۋۇجۇدۇم قۇۋۋىتى سەندە، قاناتىمەن ئارزۇ - ئارمانغا،
ۋىسالىڭنىڭ باغىنى كۆزلەپ مۇرادىم پەر قېقىپ ئۇچماق.

ئۆمىدىمدۇر مېنىڭدىن شۇم يامان ئىللەت تامام ئۆلسە،
مۇراد ـ مەقسەت بولۇپ ھاسىل ئىشەنچ قارىغايكەبى ئۈنسە،
تۇسۇن ئاتتەك مىجەز خۇلقۇم سېنىڭ قەلبىڭ بىلەن كۆنسە،
قەدەملەر قىممىتىڭنى تاپسا، ئىزىڭدا گۈل ـ چېچەك كۈلسە.
دېمەك ئەڭ ئەددىم شۇدۇر دوستلار خەلققە تۆھپىلەر قوشماق.

ئىچىپ ئۆتسەم داۋام ئۆمرۈم بويى زەمزەم بۇلاقىڭدىن،
ھوزۇر ئالسام، خۇشال بولسام ئىپار ھىدلىق پۇراقىڭدىن،
سەپەرگە ئات سېلىپ ماڭسام ئېلىپ ئىلھام قوشاقىڭدىن.
لېۋىڭدىن بال تۆكۈپ بۇلبۇل باھار تاپقاچ قۇچاقىڭدىن،
ئاڭا بۈيۈك ئەقىدەدۇر سېنى مەڭگۈ سۆيۈپ قۇچماق.

## ئۆمۈر

تاپقۇسىدۇر قىممىتىنى بىزدە بۇ دىلدار ئۆمۈر،
نۇر چېچىپ يالقۇنغا ئوخشاش پارقىراق زۇننار ئۆمۈر،
تارىتىپ خۇشبۇي پۇراق يەر يۈزىگە باھار ئۆمۈر،
بەختىيارلىق ئېلكىدە كۈلمەكتە شوخ گۈلزار ئۆمۈر،
سۆيگۈنىڭ گۈلشەنىدە تۆككەي ئېسىل ئەشئار ئۆمۈر.

توختىماي، ئالغا راۋان، ئاتلاپ داۋانلار، لەخمىلەر،
گۈل ـ گىياغا تولغۇسىدۇر بىزدە پارلاق ئەتىلەر،
ئەمگىكىڭدىن يۈز ئېچىپ شادلىققا چۆمسۇن دەشتىلەر،
جۇش ئۇرۇپ سەھراغا باسقىن ئېسىل گۈل، كەشتىلەر،
ئەۋۋىلى تاشقىن كېلىپ، ئاخىر قۇرار ئەنھار ئۆمۈر.

يايرىتىپ ئوتلۇق ناۋا كۈلسۇن گۈزەل دەريا ـ يۇ، تاغ،
ئايىنسۇن يارقىن ھايات، خۇشبۇي ھاۋالىق ئۇشبۇ چاغ،
چۈشمىسۇن ھەرگىزمۇ دىلغا ئەندىشە، تۇمانۇ ـ داغ،
ياسىغىن ئەل مېھرىدىن كۆڭۈل ئارا بوستانۇ ـ باغ،
بولغۇسى ئىقبال قىزى تەر ـ ئەجرىگە خۇشتار ئۆمۈر.

ياققۇسىدۇر ھەر دەقىقە بىزگە ئالقىش، شان ـ زەپەر،
قاچقۇسى مىڭ يول يىراققا كەلسە مۇشكۈل خەۋپ ـ خەتەر،
بولسا بىخوت باسقۇسىدۇر يۇرتىمنى پالاكەت شۇ قەدەر،
قىلمىسا ھەر دىل نادانلىق بەزمىسىدىن گەر ھەزەر،
بولغۇسى بىر كۈن خازان ـ خار، بولسىمۇ گۈلزار ئۆمۈر.

شۇڭا دەۋرانغا مۇھەببەت ـ ئىنتىزىياق ئوتتەك ياناۋ،
چاقىرىغان تەشنا كۆڭۈلگە، سۇ ئىچىپ راسا قانار،
تۆھپىكارلار تۆھپىسىدىن ئۆزىنى ئوغۇل سانار،
كىم بۇ دۇنياغا بولۇپتۇ، ئېيتقىنا، ئالتۇن مۇنار،
ئاقىۋەت بولغاي توپا، بىر كۈن ئۈزۈلسە كار، ئۆمۈر.

بېسىۋالغىن سەن ئۆزۈڭنى ئامىتىدك كەلگەنىدە،
ھەرنە ئۆتكەل، ھەرنە توسقۇن، ئىمتىھان يەتكەنىدە،
توغرا، دەنا پارتىيەم سەندىن ئۈمىد كۈتكەنىدە،
بۇلبۇلى قىلما تەمەننا سەن ھايات گۈلشەنىدە،
سۆيمىسە نەزمەڭنى ئەل ئالەم ساڭا، بىل، تار، ئۆمۈر.

## بـۇ كۈن

كۆڭۈلگە ھەيكىلىك مەرمۇت قىلىپ مەڭگۈ ئويۇپ بۇ كۈن،
پۈتۈن ئىشقىم، پۈتۈن زېھنىم، مېھىر بىرلە سۆيۈپ بۇ كۈن،
سۈزۈك كۆز ياشلىرىم دائىم جامالىمنى يۇيۇپ بۇ كۈن،
بۇ دەردكە مۇپتىلا بولدۇم، سېنى، جانان، كۆرۈپ بۇ كۈن،
گويا قىرغا چىقىپ قالغان بېلىقتەك تولغۇنۇپ بۇ كۈن.

سېنىڭ بىرلە ئۆزۈمنى بىر جانۇ، بىر تەنۇ بىلدىم مەن،
مۇشەققەت تاغلىرى كەلسە ئۇنى كۆكـۇمدە تىلدىم مەن،
ماڭا قىلغان ئەقىدەڭنى ئالەمچە كۆزگە ئىلدىم مەن،
ئىزىڭنى تۇتىيا ئەيلەپ، كۆزۈمگە سۇرمە قىلدىم مەن،
سېنى سۆيگۈ ئىلاھى دەپ كۈنۈ ـ تۈن باش ئۇرۇپ بۇ كۈن.

قولۇڭ تۇتقاچ خۇشالىمەنكى، ئەمەس مەن ئەمدى ھېچ غەمكىن،
شەرەپشانغا شىرىنكىدۇرمەن قەدەملەر تاشلىدىم تەمكىن،
يېتەلەيمەن مۇرادىمغا مېڭىپ تۇرغان يولۇم ئەركىن،
ھىدايەت ئەيلىسەڭ جانان، دىلىم تاپسا ئۈمىد ـ تەسكىن،
ۋىسال باغىدىكى غۇنچە مىسالى شوخ كۈلۈپ بۇ كۈن.

ئۈمىدىم شۇ: يېقىلماسقا گۈزەل بىنانى قۇرماقتۇر،
تىكەن ـ شۇم بۇينى كۆرسەم سۇكۇت قىلماي يۇلماقتۇر،
قېمىم ـ ئەندىشىلىرىم يوقتۇر، كۆڭۈل ھەر دەمدە خوشۋاقتۇر،
ئارامىم پۈتتى مەجنۇنمەن، كۆڭۈل چۆللەرگە مۇشتاقتۇر،
يۈرەكنىڭ تەكتىدە سۆيگۈنىڭ چىمەنى بىخ ئۇرۇپ بۇ كۈن.

ئەجەب قەلبىمدە ياشنايسەن، ئۆسۈپ قارىغاي كەبى مەھكەم،
مۇھەببەت شەدىنىمى بىرلە ياشارغان بىھىساپ كۆكلەم،
جاراڭلايدۇ ئۇزۇلمەستىن يۈرەكتىن ئۇرغىغان كۈلكەم،
شۇڭا ئىشقىم ياشار مەڭگۈ ئىشق ئەھلى بىلەن ھەمدەم،
چىمەنلەر باغرىدا بۇلبۇل ناۋا ئەيلەپ، كۈلۈپ بۇ كۈن.

## سېغىنىش

ئەي كۆڭۈل قىلغىن ھەۋەس، ئايدەك چىراي - رۇخسارغا يەت،
سېنى ئويغاتقان ناۋا ياڭراق ئېسىل دۇتتارغا يەت،
دىل ئارامى، تەن ئارامى يايرىتار باھارغا يەت،
تاڭ ساباسى ئويناپ ئۆچ، ئول قەددى سەرۋى - يارغا يەت،
ئالقىنىڭغا ئال يۈرەكنى، ئول ئانا كۈلزارغا يەت.

سۇغا تەشنالىقنى سۇدىن چىققان بېلىقتىن كۆر بۈنى،
ئاشىق بولغاننى تائامدىن قالغان يىگىتتىن كۆر بۈنى،
زەپمۇ تىترەيدۇ تېنىم قورقۇنچلۇقتىن كۆر بۈنى.
سېغىنىشتىن ئوت بولۇپ ياندىم تىنىقتىن كۆر بۈنى،
يۈرىكىمنى بەر قولىغا، كۆزلىرى خۇمارغا يەت.

تەكىمسۇن دەپ ماڭا كۆز ئاستىم بويۇنغا تىل - تۇمار،
تىلىكىم بار سەن ئۈچۈن مۇشكۈلنى قىلماق تار - مار،
بولسام دەيمەن ھەر ئىشىمدا قۇچۇپ شەرەپشان - تۆھپىكار
ئۆزگە يۇرتتا تۇرسا جىسمىم، كۆزلىرىگە بولدى زار،
لەۋلىرىدىن مېڭىنى ئۆپكەن، مەڭزى گۈل - ئانارغا يەت.

چىدىغايمەن سۆيگۈنىڭ ئاتقاي مۇجەسسەم ئوقىغا،
كۆيدۈرۈپ ئاتەش كەبى يالغاندا يالقۇن ئوتىغا،
تېگىشمەيمەن يۈرىكىم قەسرىنى ئالتۇن قۇتىغا،
كىم بىلۇر يۇرت قەدرىنى بارماي كىشىنىڭ يۇرتىغا،
ئاھ ئۆتۈلدى قەدرى شۇنچە، ئول ئېزىز - دىيارغا يەت.

نەگە بارسام نۇر چېچىپ تۇرغان بۇ يەرنىڭ نامى بار،
كەلگۈسى ئىقبالىغا ماڭغان قولىدا مەشئەل، شامى بار،
يۇرت سۆيەر ئوغۇل - قىزىنىڭ ئالەمگە داڭقى شانى بار،
تامشىسام تاڭلايلىرىمدا يۇرت سۆيىشنىڭ تەمى بار،
دىل كۆكۈمنىڭ زەر قۇياشى ۋەسلى بىر نۇردارغا يەت.

سەندىن ئايرىلسام ئۆزۈم ۋىجدان سودى سوراقىدا،
ياشىغايمەن شاد ـ خۇرام ئىللىق ـ ئىناق قۇچاقىدا؛
ماڭا يۇرت سۈيى شاراب ھەر ساقىنىڭ ئاياقىدا،
قولىدا دۇتتارى كۈيلەر، ئول ھىجىر ـ پىراقىدا،
تاڭلا دىيان دەستىگە بۇلبۇل دىيان ئول، يارغا يەت.

# شېئىرلار

## مۇھەممەت كامال (خۇشخۇي)

### باغ تېمىغىنى بويلايمەن

باغ تېمىغىنى بويلايمەن ھەر كەچ،
ۋىسالىڭنى ئويلايمەن ھەر كەچ.
ئىشقىڭ چاچقان ئىپار ھىدلارنى،
پۇراپ ـ پۇراپ تويمايمەن ھەر كەچ.

باغ تېمىغىنى ئايلانسام ھەر كەچ،
ئىشىق سەۋداسى سايلانسام ھەر كەچ.
بويناق قاۋاپ بەرگەندە شەپە،
ئاتاڭ چىقسا، پايلانسام ھەر كەچ.

باغ تېمىغىنى ئايلانسام ھەر كەچ،
ئىشىق سەۋداسى سايلانسام ھەر كەچ.
«گۈل ئوغرىسى» بولۇپ ئاتىلىپ،
يېسەم توقماق «ۋاي» لانسام ھەر كەچ.

كېيىك كەبى ھۈركەمسەن، ھەر كەچ،
مېھرى ـ ۋاپا تۆكەمسەن، ھەر كەچ.
ئېلىپ مەلدىن سىناق ئىمتىھان،
دىل قېتىمغا پۈكەمسەن، ھەر كەچ.

### يامغۇر ياغقان ھېلىقى ئاخشام

دىرىزەڭنى چەككەن شاد ئاخشام،
ئۇزۇلمەيدۇ، ئۇزۇلمەس ئەبەت.
يامغۇر ياغقان ھېلىقى ئاخشام،
ئۇنتۇلمايدۇ، ئۇنتۇلماس پەقەت.

ئۇنتۇلمايدۇ، ئۇنتۇلماس پەقەت،
شۇ ئاخشامقى بېقىشىڭ دىلدار،
چاڭقاش بىلەن ئۆتەرمەن قەۋەت،
كۈتۈپ سەندىن سۆيگۈ ھەم دىدار.

ئەقىدەمنى قالدۇردۇم ساڭا،
دىل ئۆيۈڭگە بولسۇن دەپ چىراق.
خەت يازمايسەن كەلگىن دەپ ماڭا،
بارالمايمەن تەشۋىشتە يىراق.

دىرىزەڭنى چەككەن لىرىكام،
ئەتسۇن سېنى ۋاپاغا مايىل.
كەتسۇن غۇلاپ ئارىمىزدىن تام،
بولماستا مەن سەرگەردان، سايىل.

## پەرهات بىلەن بىر قاتارغا تىزىلاي

قارچۇقۇڭدىن، قارچۇقۇڭغا ئۆزگەن نۇر،
ئارامسىزلىق بۆشىكىگە بۆلەندى،
يۇرسەم هايات ئىشەنمىگەنجان بىر هور،
سۆيگۈك ئۇچۇن سۆيگۈم بەدەل تۆلەندى،
بولدى ئۈمىد تېرەك ماڭا، يۆلەندى.

سۇخەنچىلەر چاقتى ئاتاڭ «قارى» غا،
جىنايەتكار بولدۇم سېنى ياقتۇرۇپ،
ئاسماق بولدى ئىشقىمنىڭ هىجران دارىغا،
باش ئۇرسامۇ ئايىغىغا، ئاه ئۇرۇپ،
تۈنلەر بىدار ئۆتتۈم ياشىم ئاقتۇرۇپ.

ئالسۇن قىيناپ ئىشقىمنىڭ مەيلىجىنىمنى،
مەجنۇن بىلەن بىر قاتارغا تىزىلاي،
يوقاتمايمەن خىسلىتىمنى، نامىمنى،
ئاشىقلارنىڭ ئارخىپىغا يېزىلاي،
پەرهات بىلەن بىر قاتارغا تىزىلاي.

## قارا ساي نەزمىلىرى

### ئۆمەرجان ئىسمايىل

### پارتىيەم

تالايلاپ، پارتىيەم ساڭا شىناق بوپ ئوك - سولۇك كەلدى،
زەپەر دەستىلەرچە مەنزىلدىن ئامال تاپتىڭ، گۈلۈك كەلدى.

هامان پەيۋەندە بوپ خەلقىم سېنى چىن قىبلىگاه بىلىپ،
توساقلارنى قىلىپ يەكسان مانا تۈپ - تۈز يولۇك كەلدى.

زامانە ئالدىدا ماڭماق - جاكايىتىڭ، بىز دېدۇق: هۇررا،
زەپەر تۇغىنى تۇتقانچە چېپىپ كۆپ دۇلدۇلۇك كەلدى.

قارايىمىز باي - باياشاد يۇرت يېپىيندى ئۇستىگە كىمخاپ،
ياساندى چۆلمۇ جەننەتتەك، ئەتىر هىد سۇمبۇلۇك كەلدى.

ياشاپ كەت پارتىيەم مەڭگۈ، زامانەڭگە تەشەككۈر مىڭ،
دىلى ئاتەش، تىلى چاقماق، پىداكار بۇلبۇلۇك كەلدى.

تالاي رەققاس قىزنىڭ كۈيلەر سېنى هەردەم ئۇلەن بىرلە،
چارقىتەك چۆرگۈلەر هەريان، باهاسىز ئۇسۇلۇك كەلدى.

هايات بالدەك شېرىن شۇنچە ئۆزۈڭلا قىبلىگاه بولغاچ،
كۆڭۈلگە مېهرى - شادلىقتىن، ئەجىردىن هوسۇلۇك كەلدى.

تەشەككۇر ئېيتىدۇ ھەممە، ئۆزۈڭ بار باي، باياشات بىز،
دىلى يالقۇن، تىلى چاقماق، غەزەلخان بۇلبۇلۇڭ كەلدى.

قاچانكى چىرمىدى ۋاشەت «نېمەي!» كە قالمىدى ئورۇن،
قىلىپ پەرۋىش، يۈزۈم سىلاپ، يېقىملىق جۇپ قولۇڭ كەلدى.

## تۇغۇلغان كۈن

بەخت ئىچىدە ئابدۇللا يۈسۈپسەن ئەمدى توقسۇز ياش،
كۆزۈڭ يۇلتۇز، يۈزۈڭ قۇياش، تولا غەمسىز، ئاجايىپ شاش.

باياشاتلىقتا يۇرت ـ خەلقىڭ زامانىدىن رازى كۈلگەندە،
بەخت ـ ئامەتنى جۆر قىلدى ۋەتەننى قايتىدىن ئوخشاش.

ئۈمىدتە تىكىلەر ئەل ـ يۇرت، كۆزۈڭنىڭ تەكتىگە قاراپ،
ئىناق ـ ئىجىل، ئىرادىلىك تۇمەن، مىليون دىلى تۇتاش.

زېمىن كىمخاپ، بېغىڭ جەننەت، ئانار ـ ئالما تۆكەر شەربەت،
ياراتتى ئەرشىگە ئەنداز، ساڭا تۇغقان قىرى ھەم ياش.

ئاگاھ بول، ئالىمساڭ ئىرپان، ساڭا شادلىق سالام بەرمەس،
چىراغسىز بەلكى پانۇستەك، سېنىڭ گەۋدەڭدىكى بۇ ياش.

گوياكى ناخشىدەك تۇرمۇش، بىساط تولۇق، قەسىر ھاي ـ ھاي،
چىمەنمىز غەمگۇزار ساڭا سېنىڭ ئاتاڭ، ئاناڭ ئوخشاش.

بەخت، ئامەتكە جۆر قىزلار ئۇسۇلدا تاكى مەجنۇندەك،
نادان، بەڭباشنى مەڭسىتمەي، ئېقىلدارغا ئاتارلار قاش.

بويۇڭغا قارىغىن چوڭسەن، قۇلاق سال ئەمدى ئابدۇللا،
ئەقىل بابىدا چولپان بول، بولۇپ قالما پەقەت بەڭباش.

ئېغىر يۈك «روھىي نامرات» لىق، يېقىن ئۇ خارۇ ـ زارلىققا،
بىكار سەكرەشلىرىڭ شاھ، دەپ، دىلىڭدا يانمىسا قۇياش.

## سەھرادا سەيلە

يولۇمغا سايە چۈشمەكتە، يولۇم بوستان، يولۇم بېھىش،
ساپاقلار تۆكىدۇ زەمزەم، شېرىن سەيۋە، سۈزۈك كىشمىش.

كېلەر باغلار ئارا خۇش ھىد، كۈلۈپ قارار ئەتىر ـ رەيھان،
گىياھلاردىن پۈتەر داستان، قىياقلار سۆزلىشەر كەچمىش؛

ئۆتتۇشتۇق بۇندا بىز خۇشچاق، غەزەلخان ساز بىلەن تەڭكەش،
قىزىشقان بال كەبى چاقچاق كۆڭۈلدە زەررە يوق تەشۋىش،

چىراي ئاچتى گۈزەل باغلار كۈلۈپ بىھىشتە يۈرگەندە،
سالام!- دەپ ئالما - نەشپۈتلار، تىزىلدى خىلمۇ خىل يېمىش،
بىردىكى قاشتېشى تۇپتەك، بىرى يۇلتۇز قىزىل ھەيھات،
چېچەكدىن كۆپ ساپاقلاردا مېۋىدىدۇ - نېمە،- بۇ ئىش.

گوياكى قىپقىزىل زۇمرەت تىزىلغان شاخ - ساپاقلارغا،
كۆرۈپلا مەس - ئەلەس بولدۇم، ئەقىلغا سىغمىدى بۇ ئىش.

جانانىمنىڭ مەڭزىدەك سۈزۈك جىمىكى شۇڭدا كىشمىشلەر،
قاشلارنى باغاشلاپتۇ تۆكۈپ شەربەت ساپاق - پىدىش.

غەزەلخان ئاخشىدا بۇ دەم چالار سازىنى سازەندەم،
ئۇسسۇلدا يارمۇ ئىلھاملىق، ئەجەب باپ كەلدىغۇ بۇ ئىش.

«زامانەم ئۆزگىلەي سەندىن» بىھىشنىڭ ئۆرنىكى يۇرتۇم،
بولۇپتۇ مەي باياشادلىق، ھەسەلدىن ئاغرىماسكەن چىش.

## بەختىيارلار

يۇرت ئىچى باغلا ئىكەن، باغلارغا باغ سۇلتان ئىكەن،
بەختىيارلار باغچىسىغۇ چاقنىغان چولپان ئىكەن.
« پاشا سازلىق، كۆچمە قۇملۇق » نەدە قالغان گەپ ئىكەن،
ھەممىنىڭ ئاغزىدا بۇ يۇرت ماختىلىپ داستان ئىكەن.
باغقا كىرسەڭ ئالما، شاپتۇل، يولدا ماڭساڭ ياندا گۈل،
بىر كۆرۈپ شەيداسى بولدۇم ياپيېشىل بوستان ئىكەن.
ئالما-ئەنجۈر، سەي ۋە كىشمىش، سەر خىل ئانار-ياڭاقلىرى،
يەل - يېمىشنىڭ كانى باغلار. شەرۋىتى فونتان ئىكەن.
بولدى نەغمە، دەمدە مەشرەپ چۈشتى بوۋايلار سەپ تۈزۈپ،
بەللىرى قىسماق، دىلى يالقۇن چاچار گۈلخان ئىكەن.
سەھنىدە كىمخاپ پايانداز، ئۇسسۇلغا چۈشتى كۆپ جۇۋان،
قەلبى ئاتەش قىز - يىگىتلەر قارىسام چەندان ئىكەن.
بويىنغا ئاسسۇن تۇمار قارىسايدىكى چوڭ - كىچىك،
بوۋىلار جەننەتتە غۇلمان، مۇمىلەر رىزۋان ئىكەن.
ھەممىگە پەرۋىش - ئەقىدە تەل ئىكەن ۋىجدان - ۋاپا،
بىر بىھىش ئەھيا بولۇپتۇ ھەر كىشى ئىشچان ئىكەن.
بەختىيار يۇرتۇم پىدا ئىشقىڭغا چۈشكەن بۇلبۇلۇڭ،
ھەر ئوغۇل رۇستەم - باھادىر، قىز گۈزەل چاققان ئىكەن.

## يېزا پاختا زاۋۇتىدا

يېزا زاۋۇتىغا كەلدۇق، قىزىشقانچە قىلىپ چاقچاق،
تۇرۇپتۇ يار دىلىدەكلا ھېسابسىز پاختىسى ساپ، ئاق.
قاماشتى كۆز ئېيانشانىڭ بويىدەك زور، يوغان دۆۋە،
كۇمۇشتەك تۆكۈلۈپ قات ـ قات ساماغا ساپتۇغۇ چىرماق.
بىنالار كۆككە چوخچايغان نەقىشتەك ئاق چېچەكلىكتە،
كۇمۇش ـ سۇلار ئېرىقلاردا ئاقار چاپچىپ ئەجەپ ئويناق.
چىمەنلەر يەلپۈنەر ياندا ئېغاڭلايدۇ تېرەك بوستان،
نېسىپ بوپتۇ جەمى دوستقا كۇلۇشمەك بۇندا جەم بولماق.
بېغىدا مېۋىسى سەرخىل، ئېلىك دەر: ئەنجۇرە ـ ئالما،
بۇ باغقا كىرمىكىڭ مىسلى بېھىشكە بىر قەدەم قويماق.
قۇياش تەلمۇردى ئاسماندىن، كۆرەلمەي بىزنى ئاۋارە،
بولۇپ لەززەتكە مەستانە، كۆيۈپ كۇلكەمگە ئۇ مۇشتاق.
بەخت ـ ئامەت بېقىپ بىزگە كۇمۇشلەر خەزىنىگە پاتماس،
بولۇپ كەلگەچ يېگىتلاردا كۇلۇپ توي ئوينىغان قوشماق.

## بۇلاقلار

گۇزەل يۇرتنىڭ بەخت ـ شانى، كۇمۇش چاچقان بۇلاقلار بۇ،
سۇيى زەمزەمدە ئاق پاختا، ئاقار بۇغداي، قوناقلارمۇ.
شىپالىق شەربىتى جاننى ياشارتار نەكىرەك لوقمان،
ئۇنىڭدا بار قارا قاش يار، يۇزى ئاي، ئاق زىناقلارمۇ.
قازاڭلار بۇ زېمىن كىمخاپ، مىسالى ئۇسخا جەننەتكە،
كۆھەر دۇر بۇندىكى قۇمۇش بىلەن ياقۇت ـ شىنۇاقلارمۇ.
كۇمۇش سۇ، بىپايان جاڭگال: بىلىڭكى يۇرت ئۇچۇن قالغان،
خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان ئەشۇ زۇمرەت ـ قىياقلارمۇ.
بۇلۇتتەك يامرىغان قويلار، كالا، ئات، دەل ـ دەرەخ بايلىق،
خەلققە يارىتىپ ئىمكان، يېقىن بولدى يىراقلارمۇ.
خىيابان، قەسىرى ـ ئايۋانلار، تولار بىساتى، گىلەملەرگە،
قىزىپ كەچلىكى مەشرەپ ـ توي، چىقار ناخشا ـ قوشاقلارمۇ.
بۇلاقتىن باشلىنار بۇ يۇرت، جىمى بايلىق ئاساسى شۇ،
جاھاننى كۆرسىتىپ كەچتە ـ يانار ئوتلۇق چىراغلارمۇ.
گۇزەل يۇرتنىڭ بەخت شانى كۇمۇش چاچقان بۇلاقلار بۇ،
بۇلاقلار شەربىتى بىلەن ئاقار پاختا، قوناقلارمۇ.

## كوھمارۇم سەيلىسىدە

يايرىدى جان گۈل مۇھىتتا، سەيلى ساياھەتنى كۆرۈپ،
دەۋرىمىزدىن شۇلچە ئىمكان راھەت - پاراغەتنى كۆرۈپ.
بىر ئىقىن چەكسىز بۇ ھاڭدا ئىككى قاسناق تاغ قىيا،
لال ئۇچار كۆۋرۈك ئىسىلغان، مەن، پاراسەتنى كۆرۈپ.

سۇ تېگىگە تاغ چۆكۈپتۇ، سۇ چىقىپ تاغ ئۈستىگە،
بۇ زامانەمدىن سۆيۈندۈم بۇ ماھارەتنى كۆرۈپ.

باشلىرىمدا تاكى مەجنۇن، ئالدىمدا زۇمرەت كۆل سۈيى،
كۆزلىرىمدىن چاقنىدى نۇر تەختى خىلاپەتنى كۆرۈپ:

چوخچىيىپ تۇرغان داۋانلار باش ئېگىپتۇ تىزپۈكۈپ،
دەۋرىمىز پەرھاتلىرىدا زوق - جاسارەتنى كۆرۈپ.

ئۇچەيدەك تولغىنىپ قات - قات راۋاقلار سۇنى قورشاپتۇ،
تاغ سۇلىرى تىزگىنىگە چۈشكەن بۇ كارامەتنى كۆرۈپ.

بۇ دەم توزدەك قانات يايدۇق - كۈلۈپ دىدارى ئاشىقلار،
راۋاقتا كۆلنى، بوستاننى بۇ شاپائەتنى كۆرۈپ.

ھىسا بىۇ ئېيتمىساك ناخشا، چېلىپ سازنى مۇقام توۋلاپ،
ئۇسسۇل ئوينا، زېمىن كۈلگەي بۇ شىجائەتنى كۆرۈپ.

ئۇنلىدى داپ ۋە سۇناي، ياڭراشتى ئۇسسۇل ۋە دۇتار،
كۆڭلىمىز شاشلىقلىرىدا چەكسىز كامالەتنى كۆرۈپ.

بارىكاللا، ۋاقتىدا بولدى ساياھەت - سەيلىمىز،
خوش، دىدۇق، شاد ياندى دوستلار ئىززەت ماھارەتنى كۆرۈپ.

## قارىسايدا مەن ...

زوقلىنىپ باغلارنى كەزدىم مەس بولۇپ بۇ ئايدا مەن،
باي - باياشادلىق بېھىشنى ھىس قىلىپ قارىسايدا مەن.

كۆكسىدە ئوينار كۈمۈش سۇ، بېشىدا زەمزەم بۇلاق،
توقچىلىق، كىمخاپ پاياندار ئۈستىدە ھەر جايدا مەن.

بەختىگە ئىززەت - تەشەككۇر، مويسىپىتلەر سۆزىدە،
دەۋرىگە مېھرى ئېشىپتۇ، ئولتۇرسام قەنت چايدا مەن.

ياسىدۇق ئايۋان، سارايدا نۇر تۆكۈپتۇ كوك چىراغ،
دەيدۇ دېھقان: سودىدىمۇ تەڭلا كۆردۈم پايدا مەن.

توخۇ، كەپتەر، قوي، كالا، بېلىق پىقىمشقان بەزىلەر،
ماڭدۇرار زاۋۇت، ماشىنا، كۆردۈم ئاتالغان بايدا مەن.

يەر ئېچىپ، دۆڭلەرنى تۈزلەپ، ئەھيا قىلىشقان باغ بىنا،
نەچچىنى پۈچقاق تۇرۇپ يۈرگەندە كۆردۈم لايدا مەن.
جەننەتۇل مەئـۋاغا ئۆرنەك، باش ئۇرسا ئەرزىيدۇ بۇ جاي،
گۈل ۋە بۇلبۇل زوقىدىن نەزمەمنى يازدىم سايدا مەن.

1991- يىلى 17- ئاۋغۇست (شەنبە) سەيلە ئۈستىدە يېزىلدى

## نېچۈن؟

نېچۈن، بەزەن تىلىم ئاچچىق، گەپ - سۆزۈمدە تۇز،
كۆزلىرىمدىن غەزەپ ياغار، چىرايىمدىن مۇز؟
نېچۈن نەپرەت قوزغاپ كەلدى «پەرىزات» تەك ئۇز،
يېنىپ چىقار كىچىكىمدىن سىڭىشكەن ئوغۇز؟

نېچۈن، سۆيۈپ كېتەلمىدىم ئۇزنى ئۇز دەپلا،
بەزى «ئۇز» نى تەڭلەشتۈردۈم ئىپلاس چىۋىنگە؟
تاشلىمىدىم مۇزنى، تۇزنى، مۇز ۋە تۇز دەپلا،
ئەقىدەمنى باغلىدىم مەن نېچۈن زېمىنگە؟

دادىخاھقا دادلانمايمەن زادىلا ۋايساپ،
ئۆزگەرمىدى بۇ خۇي - مىجەز كىچىكىمدىنلا،
ئۆلتۈرمەكچى بولسا مېنى قوي بىلىپ قاسساپ،
ھەيرانلىقتا قالدىم يېمەك - ئىچمىكىمدىنلا.

داستانلارغا مۇقەددىمە بولدى شۇنداق ئىش،
ۋەقەلىكلەر سەپكە تۇردى جاھان تاسقىلىپ،
خىيال بىلەن چىگىش يەشسەم ئازدۇرۇپ مىش - مىش،
شاپىلاقلار تىگەر ئىدى ماڭا «قاس» قىلىپ.

ئۆتمۈش، ھازىر، كېلەچەكتىن تۈزۈپ تەڭلىمە،
ئارمىنىمنىڭ يولى بولدى ئىشلەنگەن ھېساب.
ئاداشقاندا ساۋاقلىرىم دېدى: «مەڭدىمە»،
چېنىقتۇردى ۋىجدانىمنى ئىرادە - ئىنساپ.

ئالەم بىنا بولغىنىدىن شۇ يىل - ئايغىچە،
بىلىم ئالدىم سۆزلەپ بېرىپ تارىخ - قىسسىلەر،
سىرلەر ئېيتتى قۇياش، يۇلتۇز، تاغ، سۇ، سايغىچە،
ئەتلىي سۇلتان ۋە يېقىلغان ئۆمرى قىسقىلەر.

«دوست» لەرنىڭ «لاپ» لىرىنى ئاڭلىدىم جىملا،
ھاياتلىققا جان بەرسە ئادەم دېمەيدىم.
پىداكارلىق قانلىرىدىن سۆزۈپلا تىللا،
نانىنى ھالال يېدىم، دېسە ۋەھىمە يېدىم.

دۇنيادىكى ھەممە ھايۋان بولغان كۆلچەك،
دوستلىرىمغا «كەۋسەر بولاق - ھالال» ئاتالدى.
دوستتەخىنىم قورۇغدالدى مەن بوپ كۆگۈلچەك،
يۈزىمنىڭ ئۈمىد - بارغىنىمدا ئىشىك تاقالدى.

ھايات سىرلىق، ئادەملەرمۇ شۇنداق مۇرەككەپ،
ئالار، بەرمەس، ھۆل كېسەكتىن پەلەمپەي ياساپ.
دوست دېمەيدۇ، دوستۇك ئۆسۈپ ئالالمىسا نەپ،
«قويۇم» دەپلا سويار ھەم ئۇ باغرى تاش قاساپ.

قوي دېگىنىڭ بۆرە بەزى، بۆرە دېسەڭ قوي،
ئايرىماق تەس قوي - بۆرىنى پەيتى يەتمەستە.
شۇڭا دەيمىز: ئۆلۈم يامان، باشقىلىرى توي،
ئەۋلاد دەيمىز، ئىزدىنىمىز ئۆلۈپ كەتمەستە.

يولداش، سىرداش بولۇپ قېلىپ ماڭا شۇنداقلار،
ئازابلاندىم ئۆز تېنىمدە دىلىم قورۇلۇپ.
ئاڭلاۋېرىپ ھاياتىمدىن شۇنداق چاقچاقلار،
تاشتى قەھرىم، يانغان دوستلۇق خورلۇق تويۇلۇپ.

دوستلۇرۇمدىن يېنىپ قانچە خورلۇق، ئاھانەت،
تىلىم ئاچچىق بولۇپ قالدى گەپ - سۆزۈمدە تۇز.
پەندىياتلىق ھاياتىمدىن قىلماي قانائەت،
كۆزلىرىمدىن نەپرەت ياغدى، چىرايىمدىن مۇز.

## ھايات دېمەك - بىر قاينام

ئالەم سىرلىق، دەيدۇ، ئادەم مۇرەككەپ،
ئەقىل، ھەۋەس بەل تۇتۇشقان بىر قاينام.
تاۋلاپ چىقار تۇرمۇش دېگەن بۇ مەكتەپ،
چىنىققانغا ئۆلۈم كەلسە ھېيت-بايرام.

ئەپسۇس، ئۆتەلەي - كېيىنكىدەك ئويناسالىك،
ئۇنتۇپ ھايا، ئەخلاق، بۇرچ - نومۇسنى.
ھاياتىمنى كۆزگە ئېلىپ قويمىسالىك،
توغ قىلارسەن مەغپىرەتكە قومۇشنى.

قەدىمىگە ياغلىق جەننەت - جەھەننەم،
ئاسايىشمۇ ۋە ئاپەتمۇ ئەقىلىڭدىن.
بولسا ئەقىل ۋە پاراسەت مۇجەسسەم،
مۆجىزەك شۇ ئىنسان ياغار خەلقىڭدىن.

ھەر كىمدە بار مىڭە بىلەن كۆز، قۇلاق،
قول بولىدۇ ئىشلەتمىسە كىمدە - كىم،
ئوغۇز يانار بۇرنى بولۇپ قوش بۇلاق،
چىقسا رەقىپ: يەڭمىسەم، دەپ ئىڭگە كىم.

ئۆزگە نەدە، سەن قەيەردە يۇرۇپسەن،
يوقمۇ كىشى دەد ۋە پاراسەت، ئىرادە.
ھالاۋەتتە قانداق چۈشنى كۆرۈپسەن،
ئۇچقىنى كىم، ئاتتا كىملەر پىيادە؟

ئىشلەتمىسەك گەۋدەڭگە يۈك شۇ بېشىڭ،
كۈچ ۋە تېنىڭ كۆز يۇمۇلسا ئىتقا تاپ.
يۈزۈك كۆلكە ياكى ياغار كۆز يېشىڭ،
ئىچىڭ شاراب ياكى چەكتىڭ ئىز تىراپ.
ئەقىل - ھەۋەس بەل تۇتۇشقان بىر قايىنام،
چېنىقانغا ئۆلۈم كەلسە ھېيت - بايرام.

◁⪢⪢⪢⪢⪢⪢⪢⪢⪢⪢⪢⪢⪢⪢⪢⪢▷

## تۇپرىقىم

### ئابدىخەبەر مەتسايىم

ۋەتىنىم شادلىقىمك - شادلىقىم،
سەن مېنىڭ سۆيگۈنۈم - تالىقىم.
قوينۇڭدا بەختىيار يېگىتمەن،
سەن ئۇچۇن تەسەددۇق بارلىقىم.

مېھنىتىم گۈلىدىن گۈل تېرىپ،
كۆكسۈڭگە تاقايمەن ئامىرىقىم.

مەن ئېيتقان بىر گۈزەل سەن ئۆزۈك،
يوق سەندىن باشقا بىر ئاپىقىم.

گەر سۆكۈپ ئالسامۇ قۇياشنى،
ساڭا خاس نام شەرەپ ئاتىقىم.
سەن مەڭگۈ ۋاپادار يارىمسەن،
ئىخ! مېنىڭ ئالتۇن رەڭ تۇپرىقىم.

# ئاھ قىزىل ياقۇت

(ھېكايە)



تۇرسۇنئاي ھوسەيىن

ئولتۇرۇش بەك قىزىپ كەتتى، ئۇنى ساھىپخانىنىڭ مېھماندوستلۇقى ۋە خۇشخۇيلۇقىدىن كۆرۈش كېرەكمۇ ياكى ئۇ چاقىرىپ كەلگەن دۇتارچىنىڭ ئۇزۇكلۇك بارماقلىرىنى دۇتار ئۈستىدە دومىلىتىپ، تارلىرىنى تىترىتىپ چېكىشى ۋە ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشىلاردىن كۆرۈش كېرەكمۇ بىلەلمىدىم. دۇتار چالغان چوكان ھەقىقەتەن ئۇستا ئىدى. ئۇ ناخشا ئېيتماي دۇتار چالسىمۇ خۇددى دۇتار كۈيلەۋاتقاندەك، ناخشىنىڭ سۆزلىرىنى تەكرارلاۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ يېقىملىق، بوش ئاۋازدا ناخشا ئېيتسا ناخشىسى دۇتارنى، دۇتارى ناخشىسىنى بېسىۋالمايتتى. ئۇ، ھەر قانداق بىر شوخ كۈيگە چالغاندىمۇ يەنىلا ناخشىدا بىر مۇڭ ھۆكۈم سۈرەتتى، مۇشۇ مۇڭ ئۇنىڭ ناخشىلىرىنىڭ جېنى ئىدى.

— مەن دۇتارچىنىڭ قىزغۇچ قوڭۇررەڭ چاچلىرىنى، چاچلىرىنىڭ كەڭرى قالغاق ئايرىمىسىنى كۆرەتتىم، ئۇنىڭ ئاپپاق پېشانىسىنى، گىلاستەك كۆزلۈك ھالقا سېلىۋالغان چۆچۈرىدەك قۇلاقلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتىم.

— چوكان بىر نەچچە ناخشا ئېيتتى، ھەتتا شوخ ئۇسسۇل پەدىسىگىمۇ چالدى. لېكىن، بىرەر قېتىممۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ مېھمانلارغا قارىمىدى، بۇ نەرسە مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئۇنىڭغا قىزىقىش ئويغاتتى، مەن يېنىمىدىكى ئايالدىن دۇتارچىنىڭ كىملىكىنى سورىدىم. ئۇ، ئايال ئاچچىقى كەلگەندەك تىرىكىپ جاۋاب بەردى:

— ھە، ئۇ كوچىدىكى ئايالغۇ. تويى-تۆكۈنلەردە دۇتار چېلىپ جان باقىدىغان، ئۆي ئىگىسى ئېيمە دەپ ئۇنى بۇ يەرگە چاقىرىپ كەلدىكەن.

چوكاننىڭ تۇرقى كىمنىڭدۇ يادىمغا سالاتتىيۇ، لېكىن تازا ئېسىمگە ئالالماي ۋاتاتتىم — دۇتارمۇ، ناخشىلارمۇ تىندى. چوكان بېشىنى كۆتەردى، تەرلىگەن پېشانىسىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتتى، تۇساتتىنلا كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى، چۈنكى ئادەتتە بىرى كىمنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرمىسىمۇ لېكىن سېزىمىلىك سېزىدۇ ئەمەسمۇ، مەن ئاخىرى ئۇنىڭغا قاراۋېرىپ ئۇنى ئۆزۈمگە قاراتقا-

ئىدىم ، ئۇ مېنى كۆرۈپ خۇددى يوقاتقان
بىر نېمىسىنى نەدە قويغانلىقىنى ئەسلە -
ۋاتقاندەك قاراپ قالدى ، مەنمۇ شۇنداق
ئىدىم . ئاخىرى تونۇۋالدىم ، ئۇ مېنىڭ
بالىلىق چېغىمدىكى دوستۇم ، ساۋاقدىشىم
ياقۇت ئىدى .

× ×

ئۇ بەك چىرايلىق ئىدى ، ئۇنىڭ يۈزى
رىۋايەتلەردىكى پادىشاھلارنىڭ كەنجى
قىزلىرىدەك دۈگىلەك ۋە ئاق سۈزۈك ئە -
دى ، ئىككى مەڭزى بولسا ئانارنىڭ دا -
نىسىدەك قىزىل ئىدى ، لەۋلىرى قۇلىقى-
دىكى قىزىل ياقۇت كۆزلۈك ھالقىسىدەك
قىزىرىپ تۇراتتى ، كۆزلىرى خۇددى ناخ-
شىلاردا «قاپ قارا قوي كۆزلۈكۈم» دەپ
كۈيلىنىگەندەك قارا ۋە نۇرلۇق ئىدى ،
بۇرنى بولسا « دۇنيادا بارلىق كىلاسسىك
ۋە ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرى چىراي -
لىقلارنىڭ تەسۋىرىنى قانداق بەرگەن
بولسا شۇنداق ئىدى، يەنى ئىلىپتەك ئىدى.
ئۇنىڭ توم ئىككى چېچى مۇرىسىگىچە كې -
لەتتى ، بويى بولسا غۇنچە بويلار قاتارى-
غا كىرەتتى . ئۇ چاغلاردا ئۇ ئون ئۈچ -
ئون تۆت ياشلاردا ئىدى ، جەنۇبىنىڭ
قىزلىرى شىمالنىڭ قىزلىرىغا قارىغاندا
پاتلا بالاغەتكە يېتەمدۇ ياكى ئۇنىڭ يېشى
بىزدىن چوڭمىدىكىن ئىشقىلىپ ئۇ پاتلا
يېتىلىپ قالدى ، ئۇ ئەمدى چاچلىرىنى
ئۇششاق ئۆركۈزمەي ئىككى تال قىلىپ
كەينىگە تاشلاپ يۈرىدىغان ، ئىشتىياق
بىلەن كېيىنىدىغان بولدى . كۆڭلىكىنى
بېلىگە يۆگەۋېلىپ سۇ كېچىپ يۈرىدىغان ،
ئېرىقنىڭ قىرىغا قۇم لاي بىلەن چىم-چىم
ئېتىپ قالغاچ ئۇگىسىنى ياسايدىغان ئىش-
لار يىراقتا قالدى، تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ
3 - يىللىقىغا چىققان يىلى ئۇ قانداقتۇ
بىر يوللار بىلەن تېخنىكومدا ئوقۇشقا ئۆ -
رۈمچىگە كەتتى ، بىر يىلدىن كېيىن مەنمۇ
تېخنىكومغا بارغاندا ئۇ ئىككىنچى يىللىق -
نىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالغانىدى . بىر
يىللىق ئوقۇش ۋە مەدەنىي تۇرمۇش ئۇنى
پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى ، ئۇنىڭ
چىرايلىق ۋە توم چاچلىرى بىر ساپاق
ئۈزۈمدەك بۇدرە قىلىنغان ، ئۈستى بېشى-
مۇ ئۆزگىرىپ مودىغا لايىقلاشقانىدى ،
ھەممىدىن ئۇنىڭ خاراكتېرى ئۆزگەرگەنى-
دى ، ئۇنىڭ بالىلىق بىغەم كۈلكىلىرى
يوق ئىدى ، ئۆزىنى بالاغەتكە يەتكەن
قىزلاردەك تۇتاتتى . ئۇ ناھايىتى ھېس -
سىياتچانىدى .

ئۇ دەسلەپتە مېنى كۆزگە ئىلمىغاندەك
يۈردى ، بىراق بىر يۇرتلۇق ۋە دوست
بولغانلىقىمىز ئۈچۈنمۇ ياكى سىرلىرىنى
ئىشىنىپ ئېيتىپ بېرىدىغان ئادەم لازىم
بولدىمۇ ، يېرىم يىللاردىن كېيىن مېنىڭ
ياتىقىمغا كىرىپ مېنى ئىزدەيدىغان بول -
دى ، مېنىڭ كارۋىتىمدا يېتىۋېلىپ تاڭ
ئاتقىچە كۈسۈرلاپ ماڭا يۈرەك سۆزلىرى-
نى ئېيتىپ چىقاتتى . ئۇنى ھېسسىياتچان
قىز دېگەنىدىم . ئۇ ئاسانلا بىرسىنى ياخ-
شى كۆرۈپ قالاتتى ، ياخشى كۆرۈپ قال -
غان ئادىمىنىڭ مېڭىش تۇرۇشى ، سۆز قى-
لىش ئادەتلىرى ، مىجەز خۇلۇقلىرىغىچە
ئۆگىنەتتى ، ئۇ ئادەمنى ھوشىدىن كەتكى-
چە ياخشى كۆرەتتى ، سانسىز كېچىلەرنى
ئۇنىڭ دەردى ، ئۇنىڭ خىيالى بىلەن
ئۆتكۈزەتتى ۋە بۇ ھەقتە نۇرغۇن چۈشلەر-
نى كۆرەتتى ، بەزىدە ئۆز « سۆيگىنى »-
نىڭ بىرەر قىز بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ
ئاشخانىسىغا تاماققا ماڭغىنىنى كۆرۈپ
قالسا كۈندەشلىكى تۇتۇپ كېتەتتى ، ھېلى-
قى قىزنى ئەشەددىي دۈشمىنىدەك يامان

كۆرەتتى .
بەر قېتىم ئۇ بىزگە نەزەرىيە دەرسى
بېرىدىغان بىر ئوقۇتقۇچىنى ياخشى كۆ -
رۈپ قالدى. ئۇ ئوقۇتقۇچى ئېگىز بويلۇق،
ئاق يۈزلۈك ، قاڭشا بۇرۇن كەلگەن قارا
كۆز، قارا قاشلىق ياش يىگىت ئىدى، ياقۇت
ئۇنىڭ دەرسى كېلىدىغان چارشەنبەنى
تۆت كۆزى بىلەن كۈتىدىغان بولدى، سەي-
شەنبە كۈنى كەچتە ئۇ پۈتۈن يوپكا، كوپ-
تىلىرىغا دەزمال سالاتتى ، باش كۆزلىرى-
نى يۇيۇپ تويغا بارىدىغاندەك تەييارلىق
قىلاتتى . ئەتىگەندە ياتاقتا ھېچكىم تۇر-
ماستا تۇرۇۋېلىپ يۈز كۆزىنى يۇياتتى .
چىرايلىق قارا كۆزلىرىنى تېخىمۇ قارا
قىلىپ سۈرمە قوياتتى . يۈزلىرىگە ئاۋۋال
ئاقارتىدىغان ماي، ئۇنىڭ ئۈستىگە مودەن
ماركىلىق خۇشپۇراق ئۇپا سۈركەيتتى . قې-
شىغا قاشلىق ئىتەتتى، لەۋلىرىنى بىلىنەر -
بىلىنمەس قىزارتىپ ئالاتتى . چېكە چاچلى-
رىغا قەغەزلەرنى يۆگەپ ئاخشامدىلا بۇد-
رە قىلىپ ياتقان بولاتتى . چاچلىرىنى
تاراپ مۈرىلىرىگە تاشلايتتى ياكى چوققىسى-
غا بانتىلاپ ئالاتتى. ئىچ كۆڭلىكىنىڭ ئېتى-
دىن كەڭ بەلباغ باغلاپ ئىنچىكە بېلىنى يەنىمۇ
بوغۇپ ئاپتاۋىنىڭ بويىدەك قىلىۋېتەتتى .
ئېخى تولىمىغان نازۇك پاچاقلىرىغا ئىپەك
پايپاق، مىلتىقنىڭ ئوقىدەك ئىنچىكە پاشـ
نىلىق ئاياغ كېيەتتى . ئۇ ئاشۇنداق تەي-
يارلىقلار بىلەن دەرسكە تەييارلىناتتى .
ئۇ ئەتىگەنكى مەشغۇلىيەتنىڭ كۆپلىكىدىن
ھەتتا تاماقنىمۇ ئۇلگۇرەلمەي قالاتتى .
بىر كۈنى دەل ئاشۇ سۆيۈملىكىنىڭ دەرسى-
گە كېچىكىپ قالدى، قائىدە بويىچە كې-
چىككەن ئوقۇغۇچىلار ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇش
كېرەك ئىدى . لېكىن ئۇ، بەللىرىنى تولغاپ،
چېكىپ دەسسەپ پارتىسىغا قاراپ ماڭدى ،
ياش، تەجرىبىسىز مۇئەللىم ئۇنىڭ ئاشىق-
لىقىدىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر ئىدى، ئۇنىڭ
كېچىكىپ كەلگىنىگە ۋە سوراقسىز ئولتۇر-
غىنىغا بىر نەچچە ئېغىز قاتتىق گەپ قىلىپ
تەنبىھ بېرىۋىدى، شۇ يەردىلا ياقۇتنىڭ
خۇيى تۇتۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى
ئۆچ كۆرۈپ قالدى-دە، كۆڭۈل دەپتىرىدىن
ئۆچۈرۈۋەتتى. كېيىنكى ھەپتىسىدە قەشقەر-
لىك گارمونچى يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قال-
دى .. ئۇنىڭ دەردىنى ئەك ئۇزاق، يەنى
بىر ئاي تارتتى ، بىر ئايغىچە ئۇرۇقلاپ
يوپكىلىرىنىڭ بېلى كەڭ كېلىپ قالدى .
بىراق گارمونچىنىڭ قارىغۇ كورىدۇردىكى
پەلەمپەيىنىڭ تېگىدە بىر سېرىق بىرىنچى
يىللىقنىڭ «سويىمىسى» بىلەن سۆيۈشىۋات-
قانلىقىنى كۆرۈپ، قالغان كۈندىن باشلاپ
ئۇنى شۇنداق ئۆچ كۆرۈپ كەتتىكى ھەتتا
ئۇ گارمون چالىدىغان تانسىلارغا ئويىنىماس
بولۇپ كەتتى .
كېيىن باشقا ئىشقىۋازلىقلار ۋە رايى
يېنىشلار بىلەن تۆت يىللىق بۇ تېخنىكوم
ئاخىرى پۈتۈپ ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا خىز-
مەتكە تەقسىم قىلىندى، ئۇرۇمچىدەك چوڭ
شەھەردە تانسا - تاماشىلار بىلەن كۆنۈپ
قالغان بۇ نازىنىنغا $K$ شەھىرىنىڭ توپىلىك
كوچىلىرى ۋە كىچىككىنە ئىدارىسى قانداق-
مۇ مۇۋاپىق كەلسۇن، ئۇ ئۆزىنىڭ ياتىقىدا
كەچكىچە يىغلاپ يېتىۋېلىپ قىچقارمىغىچە
ئىشخانىغا چىقمايتتى، ئىشخانىدىكى تومپاي،
قوپال ئۆتۈك كەيگەن خىزمەتداشلىرىغا
قاراپمۇ قويمايتتى. ئەر خىزمەتداشلىرىغا
«تومپاي، قاتتىق ئۆتۈك سەھرالىقلار»
دەپ، ئايال خىزمەتداشلىرىغا «كالا كوم-
شا، كۆك پايپاقلار» دەپ لەقەم قويغانتى،
ئۇلارمۇ بۇنىڭغا كېلىشتۈرۈپ «ۋىگنا غۇچ»
دەپ نام بېرىشكەنتى.
بۇ شەھەرنىڭ شەھەر-

ليك ھۆكۈمەتنىڭ زالىدا ھەپتىدە بىر قېتىم بولىدىغان تانسىلا ئۇنى زېرىكىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ تۇراتتى ۋە ئۇنى بىر ھەپتە مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەيتتى. شۇنىڭدىن ئالغان كۈچ بىلەن ئۇ يەنە بىر شەنبىگىچە ياشايتتى.

تانسىلارنىڭ بىرىدە ئۇ چىرايلىق بىر ۋراچ يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ۋراچ گەۋدىلىك كەلگەن، قارا قۇمچاق يۈزىنى سەبى كۈلكىسى جانلاندۇرۇپ تۇرىدىغان يىگىت ئىدى. يىگىتمۇ ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى. بۇمۇ ئۇنى...

ئەمدى ئۇنىڭ كۈنلىرى دوختۇرخانىغا قاتراش بىلەن ئۆتىدىغان بولدى. ياش دوختۇر ئاپپاق خالات كەيگەن قامىتى بىلەن يەنىمۇ چىرايلىقراق، يەنىمۇ سۆيۈملۈكرەك كۆرۈنەتتى. ئۇ پىلاندۇسكوپنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قويۇپ خۇمار كۆزلىرىنى قىزدىن ئۈزەلمەيتتى، ئۇمۇ قايرىلما كىرپىكلىرىنى دەم ئېچىپ، دەم يېپىپ يىگىتكە قارايتتى، يۈرىكى دۈكۈلدەيتتى، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدىگىنى ئەسۋاب ئارقىلىق يىگىتنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىۋېتەتتى، ئۇ يىگىتتىن «بېشىم ئاغرىيدۇ، ئىشتىيىم يوق» دەپ خىلمۇ خىل دورا ۋە ئوكۇللارنى يېزىپ بېرىشىنى سورايتتى، تولاراق ھەپتىلىك، ئىككى-ئۈچ كۈنلۈك ئىسپىراپكا ئالاتتى. يىگىتمۇ قىيىنچىلىق ئىچىدە بۇ قىزغا دورا، ئوكۇل، ئىسپىراپكىلار يېزىپ بېرەتتىيۇ، لېكىن ۋىجدان ئازابىدا قىيىنىلاتتى. ساپ-ساق قىزغا ئىسپىراپكا يېزىپ بېرىپ قويۇپ ئارقىسىدىن پۇشايمان قىلاتتى. لېكىن قىز كەلگىنىدە يەنە شۇنداق قىلاتتى.

بۇ قېتىمقى كۆيۈشنىڭ ۋاقتى خېلى ئۇزۇن داۋاملاشتى. بۇنىڭغا يىگىتنىڭ سۆيۈملۈكلىكى ۋە ئېغىر-بېسىقلىقى سەۋەب بولدى.

شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ بىر يىل ئۆتتى. ياقۇت پىراكتىكانتلارنى باھالاشتا باھالىنالماي ئەسلىدىكى مۇئاشى بىلەنلا قالدى. باشقا ساۋاقداشلىرىنىڭ مۇئاشىنىڭ ئۆسكەنلىكى ئۇنىڭغا تازا ئەلەم قىلدى، قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇ ئوقۇۋاتقان چاغدا ئۇرۇمچىدە ئەرگە تېگىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان ئانىسى كېلىپ قالدى، بۇ ئايال ئۆز ئۆمرىدە تولا ئەرگە تەگكەن خوتۇن بولۇپ مۇشۇ قىزى باشلانغۇچتىن تارتىپ تېخنىكومدا ئوقۇغىچە بولغان ئارىلىقتا ئالتە قېتىمچە فامىلىسىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولغانىدى. نېمىشقىدۇر ئانىسى ئۇنى يېڭى تەگكەن ئېرىنىڭ ئىسمىنى فامىلە ئورنىدا قوللىنىشقا مەجبۇر قىلاتتى. بۇ ئۇنىڭ ئەرلىرىگە بولغان ئىخلاسىدىنمىكەن ياكى قىزىنى ئۇلارنىڭ مېھرى-شەپقىتىگە ئېگە قىلىش ئۈچۈنمىكەن بۇنى بىلىپ بولمايتتى.

ئاشۇ ئانىسى ئۇنىڭ ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىشى ئۈچۈن بىرەر ئايچە يول ماڭدى. بىراق كىچىك شەھەردىن چوڭ شەھەرگە خىزمەت يۆتكەش قىيىن بولغاچقا ھەم قىزىنىڭمۇ تازا كەتكىسى يوق بولغاچقا بۇ ئىش ھەل بولمىدى.

بىر ئىككى ئايلاردىن كېيىنمۇ ئالتە خوتۇن ئېلىپ ھەممىسىدىن ئارانلا ئالتە بالا تاپقان؛ ئاخىرىدا ئەل ئاغىنە يېقىن يورۇقلىرىدىن پۇل قەرز ئېلىپ يەنە ئۆيلىنىش ئۈچۈن K شەھىرىگە سەپەر قىلغان، جۇشقۇن چاغلىرى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئۆزىنى ياشاشتىن قالمىغان بىر قېرى

ئەمەلدار بۇ موماينا يۇلۇقۇپ قالدى، ئۇلار كونا تونۇش بولسا كېرەك. موماي ئۇنىڭغا دەردىنى ئېيتتى. ئۇ، ئادەم ئۇنىڭ چىرايلىق قىزىنى كۆرۈپ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى ۋە ئۇنىڭ قىزىنى ئۈرۈمچىدە كىنو ئارتىسلىقىغا كىرگۈزۈپ قويۇشقا ۋەدە بەردى. ئۆز ئۆمرىدە تالاي ئەرلەرنى ئالدىغان، ئەمدى قىزىنىمۇ شۇ كويغا سالماقچى بولغان قۇۋ موماي مۇشۇ يەردە بىر ھۆل خىشقا دەسسىدى.

بۇ شەھەردىكى ئەمەلدارنىڭ يۈزى ئەسقىتىپ قىزىنى يۆتكەپ بېرىشكە قوشۇلدى. ئۈرۈمچى دېگەن يەردە مۇنداق ئەمەلدارنىڭ كۆشىكى بىر پۇل تۇرسا، ئۇ يەردىمۇ ئىش مۇشۇنداق ئاسان ھەل بولارمۇ دېمەي موماي قىزىنى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ بولدى دەپ ھېسابلىدى. قىزىنىڭ تارتىشقىنىغا ئۇنىماي، يۈك - تاقىسىنى بېسىپ ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كەلدى. بىر ئايدىن كېيىن ئەمەلدار «بۇ يەردىكىلەر قىزىنىڭ يولدىشى مۇشۇ شەھەردە بولسا ئاسان يۆتكىگىلى بولىدۇ، بولمىسا يۆتكىگىلى بولمايدىكەن» دېگەن گەپنى تېپىپ كېلىپ ئانا-بالا ئىككىسىنىڭ بېشىنىڭ ئىچىنىمۇ، تېشىنىمۇ قاتۇرۇۋەتتى، موماي ئۆزىگە ئەرنى ئاسان تاپقان بىلەن ئوقۇمۇشلۇق قىزىغا لايىق كەلگۈدەك ئەرنى مۇنداق قىسقا ۋاقىتتا نەدىن تاپسۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمەت ئورنىدىن تېلېگرام، تېلېفون كېلىۋېرىپ ئالدىرىتىپ كېتىۋاتسا، ئاخىرى بۇ باش قېتىمچىلىقتىن بولارنى يەنە شۇ ئەمەلدارنىڭ ئۆزى قۇتقازدى، ئۇ قىز بىلەن چاكىزا ئېلىپ تۇرماقچى، چاكىزىنى كۆتۈرۈپ كادىرلار بۆلۈمىگە بېرىپ رەسمىيەت ئۆتەپ بەرمەكچى بولدى. ئانا-بالا ئىككىسى بۇ پىلانغىمۇ ماقۇل دېدى. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئالتە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. يەتتىنچى ئاي بولغاندا ئەمەلدار بۇ ئىشنىڭمۇ ئەپلەشمىگەنلىكىنى ئېيتىپ سەككىزىنچى ئېيىدا قىزغا توي قىلىش تەكلىپىنى قويدى، قىز يىغلاپ چاچلىرىنى يۇلۇپ K شەھىرىگە كەتمەكچى بولدى، بىراق قېرى قاقباش ئەمەلدار قىزغا بىر كادىر ئۆزلۈكىدىن ئالتە ئاي خىزمەت تاشلىسا خىزمىتىدىن قالدۇرۇلىدىغانلىقى ھەققىدە ھۆججەت بارلىقىنى ئېيتىپ قىزنىڭ بۇ يولىنىمۇ كەستى، موماي K شەھىرىگە بېرىشنىڭ ئالدىدا ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەچكە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىشىمۇ بىر مەسىلە بولۇۋاتاتتى. بۇنىڭ ئۈستىگە مەملىكەتتە يۈز بەرگەن ئاشلىق قەھەتچىلىكى ئۈرۈمچىدە ئۆزىنى بەك كۆرسىتىپ نوپۇسسىز ئىككى جاننىڭ قورساق مەسىلىسى چوڭ ئىشقا ئايلانغانىدى (مومايىنىڭمۇ نوپۇسى تېخىچە K شەھىرىدە ئىدى). ئاخىرى ئۇيان تارتىشىپ، بۇيان تارتىشىپ قىز قېرى ئەمەلدارغا خوتۇن بولۇشقا مەجبۇر بولدى.

دەسلەپكى يىللارغۇ خېلى مەنىلىك ئۆتتى، ھە دېسىلا چاي زىياپەتلەر، تانسا كېچىلىكلىرىدە پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان بۇ ئادەم بۇ قىزنى قوچاقتەك ياساپ كەينىگە سېلىپ يۈرۈپ ئۇنىڭ ئويۇن خۇمارىنى خېلى قاندۇردى، قىزمۇ بۇ خىل ھېچنېمىگە ئالدىرىمايدىغان، سەھەر تۇرۇپ خىزمەتكە چاپمايدىغان بىخەم تۇرمۇشقا كۆنۈپمۇ قالغاندەك بولدى، بىراق باللىق بولغاندىن كېيىن ئىش چاتاقلاشتى. قىشنىڭ سوغۇقىدا، يازنىڭ ئىسسىقىدا ئويۇن تاماشىغا بارغان بىلەن بالا ئاغرىپ قالسا قانداق بولىدۇ. بارغان بىلەنمۇ ئويۇنغىلى بولامدۇ؟

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆيدە قالىدىغان بولـ

دى. قالسىغۇ مەيلى، لېكىن ئىشىنىڭ چاتاق يېرى ئۇ، قېرى بىكار ھاراق بىلەن تەييار تاماق بولسا جاھاننىڭ تۆرىگە تەكلىپ قىلسىمۇ چىقىپ كېتىۋىرەتتى ۋە شۇ يەردە قونۇپ قىلىۋىرەتتى. ئۆيدە نېمە بار نېمە يوق، ئوتۇن - كۆمۈر بارمۇ يوق، بۇنىڭ بىلەن كارى بولمايتتى. دەسلەپتە ئانىسى ئانچە مۇنچە قارشىپ يۈرگەنىدى. كېيىن ئانىسىمۇ قازا قىلدى. يالغۇزلۇق ئۈستىگە يالغۇزلۇق ئۇنى تازا باستى. ئاشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئىككىنچى بالىسىنى تۇغدى، ئۇ تۇغۇپ ئىككى - ئۈچ كۈنگىچە قوشنىلىرى ئۇنىڭ ئېرىگە خەۋەر قىلاي دېسىمۇ ئادەمنىڭ بار يېرىنى تاپالمىدى.

بىچارە چىرايلىقنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاققان ياش تېخى بىر نەچچە كۈنلۈك بولغان بوۋىقنىڭ يۈزىگە تۆكۈلەتتى، ئۆينىڭ سوغۇقلىقىدىن تالا بىلەن پەرقى يوق ئىدى. چوڭ بالىسى چۈش بولغاندىمۇ يوتقاندىن چىقالماي ياتاتتى، ئۇ يوتقاندا يېتىپ بالىسىنى ئېمىتىۋېتىپ K شەھىرىدە تاشلاپ كەلگەن ياش دوختۇرنى ئەسلىدى. ئۇ پىلاندۇسكوپنى ئۇنىڭ گىرىپتىشىن كوپتىسىنىڭ كۆكرىكىگە قويۇۋېلىپ، خۇمار كۆزلىرىنى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە زوق ھاياجان بىلەن تىكىپ تۇراتتى.

«ئىسىت، ئىسىت» دەيتتى ئۇ قېنى قاچقان لەۋلىرىنى چىشلەپ.

«قېرى ئەبلەخ، مېنى مۇشۇ كويغا سالغان قېرى ئەبلەخ» دەيتتى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسىغىمۇ ئازراق قېيىداش، خاپىلىقى بار ئىدى، «مېنىمۇ ئۆزىدەك سەرسان، ۋەيران قىلماقچىدى، مۇرادىغا يەتتى» دەپ ئويلايتتى ئۇ، ئانىسىنىڭ ئۇنى سەرسان قىلىشىنى ئويلىغان ۋە چوڭ شەھەردە ياخشىراق كۈن كۆرەلەيدىكەن دېگەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ.

بالا ئىككى بولۇپ، ئۈچ نوپۇسىز ئادەمنىڭ تۇرمۇش ھاردۇقىغا ئېغىر يۈك بولغىنى قېرى ئەمەلدارغا ئېغىر كەلگەنلىكى بىلىنىپلا تۇراتتى، ئۆيدە بولسىلا جېدەل ماجىرا قۇرۇمايتتى. ئۆيدىن بىر چىقىپ كەتسىلا نەچچە كۈندە بىر كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياقۇتنىڭ قىزىل ياقۇتتەك لەۋلىرى ئاقىرىپ، لالىدەك يۈزلىرى تاتارغان، كىيىملىرى ئورۇق تېنىنى ياپالمىغۇدەك دەرىجىدە بولۇپ كەتكەن بولۇپ ھەپتىلەپ چېچىنى تاراشمۇ ئېسىدىن چىقاتتى، ئۇنىڭ گۈزەل قىز بولغانلىقىغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسىمۇ كەلمەيتتى. كارىۋاتنىڭ بېشىدىكى رامكىغا ئېلىنغان ئۇنىڭ رەسىمى ئۇنىڭ ئەمەس بەلكى باشقا ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋىسىدىن كېسىۋېلىنغان كىنو چولپانلىرىنىڭ رەسىملىرىدەك كۆرۈنەتتى.

ئوت يېقىلمىغان ئۆيگە ئوخشاش سۆرۈن تۇرمۇش ھەر ئىككىسىنى تويغازدى، ئەتىياز بولۇشى بىلەنلا ياقۇت ئېرىدىن ئاجرىشىپ، بىر بالىسىنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بىر بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ K شەھىرىگە بېرىپ ئۆزى ئىشلىگەن ئىدارىغا يولۇقۇپ باقاي دەپمۇ ئويلىدى، لېكىن ئۆزىنىڭ بۇ ئەبگاھ ھالىتى بىلەن K شەھىرىگە بېرىشنى ئۆلۈم بىلەن تەڭ كۆردى، ئۇنى ئەتىۋارلىغان، ياخشى كۆرگەنلەر ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرسە نېمە دەر. كادىرلار بۆلۈمىلىرىگە، ئەمگەك ئىدارىلىرىغا يولۇقۇپ باقتى. بۇ يەردىمۇ نەتىجە چىقمىدى. ئۆي

(ئاخىرى 49- بەتتە)

# چىن مۇھەببەت قەسىدىسى

مەخمۇتجان ئىسلام

بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز ئەسىرلەردىن بۇيان نۇرغۇن مەدھىيە - قەسىدىلەرنى، داستان، ھېكايە، رومانلارنى يېزىپ چىن مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاپ كەلدى. ئىنساننىڭ ھاياتى مۇھەببەتسىز ئۆتمەيدۇ. شۇڭلاشقا قولىغا قەلەم ئالغان ھەر قانداق ئەدىبمۇ مۇھەببەت ھەققىدە يازماي قالمايدۇ. لېكىن يېزىشنىڭ دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ. بەزىلەرنىڭ يازغانلىرى ئەسىردىن - ئەسىرلەرگە خۇددى ئالتۇندەك چاقناقلىقى بىلەن قەدەم قويۇپ، ئىنسانلارنى چىن مۇھەببەتتىكى ۋاپادارلىققا ئۈندەپ، ئۇلارغا زوق، غەيرەت، ئۈمىد ئاتا قىلسا، بەزىلەرنىڭ يازغانلىرى خۇددى سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك، كۆزگە تاشلىنىپلا يوقاپ كېتىدۇ؛ بەزىلەرنىڭ يازغانلىرىنىڭ تېشى پال - پال بولسىمۇ، ئىچى غال - غال بولىدۇ، بەزىلەرنىڭ يازغانلىرى رەڭ - بوياقسىز بولسىمۇ، ئىچكى مەزمۇنى ناھايىتى تىرەن بولۇپ، ئوقۇغان كىشىنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سېلىپ، يۈرەك تارىنى تىترىتىدۇ، ئادەمنىڭ ئوقۇغانسېرى ئوقۇغۇسى كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئادەم كونىلىق، زېرىكىش ھېس قىلمايدۇ. مانا مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، يولداش قەيسەر ئابدۇقادىرنىڭ «گۈلگە شەيدا مۇھەببەت» («يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 2 - سانىغا بېسىلغان) ناملىق ھېكايىسىنى ئاددىي - ساددا يېزىلغان بولسىمۇ، چىن مۇھەببەت ھەققىدىكى ياخشى قەسىدىلەرنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

ھېكايىدە چوڭ ۋەقەمۇ يوق، كۆيدۈم، سۆيدۈم، دېگەندەك داغدۇغىلىق سۆزلەرمۇ يوق، پەقەت مۇنداق ئاددىيلا ۋەقە يېزىلغان: مەلۇم تاغلىق يېزىدا «سارالڭ پەرى» لەقىمى بىلەن ئەتراپقا مەشھۇر بىر قىز بار. «گۈزەللىك ۋە جەزىبىدە تەڭداشسىز، غەلىتىلىكتىمۇ باشقا قىز زاتىغا ئوخشىمايدىغان بۇ ساھىبجامال گويا باشقا بىر دۇنيادىن كېلىپ قالغاندەك، ئەتراپتىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايدىغان باشقىچە تۇرمۇش ئىچىدە ياشايتتى. كەنتتىكىلەر بۇ قىزدا گۈلنىڭ جىنى بار، دېيىشەتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ بىكار ۋاقتى ساھىلدىكى كاككۇك گۈللىرى ئارىسىدا ئۇسسۇل ئويناپ، قىيغىتىپ يۈرۈش بىلەن ئۆتەتتى. ئەتىياز كېلىپ دەريا بويى گۈل بىلەن پۈركەنگەندە كەنتتە ئۇنىڭچىلىك خۇشال ئادەمنى تېپىش قىيىن ئىدى. كۈز كېلىپ گۈللەر سولغاندا، گويا يېقىن كىشىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك قارىلىق تۇتۇپ، ھازىدار قىياپەتتە كەنتنى ئەرۋاھدەك كېزىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇ دەردى - ھەسرىتى تاكى ئىككىنچى باھار كەلگىچە داۋاملىشاتتى.» ئۇنىڭغا بىر دېھقان يىگىت ئاشىق ئىدى. قىز يىگىتنىڭ قەلب ئىزھارىغا: «ناۋادا بىر تال كاككۇك گۈلىگە ئايلانغان بولسىڭىز ئىدى، مىرادىڭىزغا يەتكەن بولاتتىڭىز» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن يىگىت ئۇنى ياخشى كۆرۈشتىن يانمايدۇ. ئاخىرى ئۇ باشقا ھەمراھلىرى سۇغا غەرق بولۇپ، قىيادا يالغۇز قالغان بىر

تال كاككۇك گۈلنى ئەپكېلىپ قىز كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلمىش يولىدا ھاياتىدىن ئايرى-
لىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قىز كاككۇك گۈللىرىگە پۈركەنگەن ھالدا يىگىتنىڭ قەبرىسى
تۆۋىدە پەرۋانە بولىدۇ...

يۇقىرىقى ۋەقەنى ئوقۇغاندا، ئادەم خۇددى ئۇيا - ئەڭلىكسىز بىر گۈزەللىككە شەيدا
بولغاندەك، ئۇنىڭغا تامامەن ئەسىر بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب نېمە؟ مېنىڭچە،
بۇنىڭدىكى سەۋەب، سەھرانىڭ ئاشۇ ساددا، پاك، ئاق كۆڭۈل قىز - يىگىتلىرىدىكى ئانا
تەبىئەتكە، گۈزەللىككە ۋە بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببەتنىڭ چىنلىقىدا، ۋەقەنىڭ
«ئاھ سۆيۈملۈكۈم، ئەزىزىم، يۈرەك پارەم، مەن ساڭا كۆيدۈم، سەن ئۈچۈن جېنىم پى-
دا...» دېگەندەك ساختىلىق يوشۇرۇنغان قۇرۇق ۋەدىلەرسىزلا چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەن-
گەندە، شۇنداقلا سەھرا قىز - يىگىتلىرىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ بىر قەدەر تولۇق يو-
رىتىپ بېرىلگەنلىكىدە.

بىزگە ئايانكى، مۇھەببەت يەككە - يىگانە ھالدا بىر - بىرىگە كۆيۈشلا، ۋىسالغا
يېتىش كويىدا بولۇشلا ئەمەس، ئايدىڭ كېچىلەردە، باغچىلاردا، بۇلاق، دەريا بويلىرىدا
ۋە ياكى بەزى خىلۋەت جايلاردا سەيلى - تاماشا قىلىش، بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئۇ-
تۇش ئۈچۈن ھەممە ئادەم دېيىشى مۇمكىن بولغان ھېلىقىدەك سۆزلەرنى قىلىشىش، قۇ-
چاقلىشىش، سۆيۈشۈشلا ئەمەس، بەلكى، ئالدى بىلەن بىر - بىرىنىڭ بەختىنى كۆز-
لەش - مەن سۆيگەن ئادىمىمنى بەختلىك قىلالايمەن، ئۇمۇ مەن بىلەن بەختلىك بولالاي-
دۇ، دېگەن ئېتىقات بىلەن بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشتۇر. شۇنىڭدىلا سەن ئاشۇ مۇھەببەتكە
بارلىقىڭنى بېغىشلىيالايسەن، ھەر قانداق توسالغۇغا، ھەر قانداق ئاقىۋەتكە دۇچ كەل-
گەندىمۇ تەۋرەنمەيسەن. قىز - يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى ھەر قانداق مۇھەببەتنىڭ ئاقى-
ۋىتى تۇرمۇشقا ئېلىپ بېرىشى ناتايىن، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇلار تۇرمۇش
قۇرالماسلىقى مۇمكىن. لېكىن مۇھەببەت چىن بولسىلا، بۇ مۇھەببەت ئۆلمەيدۇ، ئۇلار
پۇشايمان قىلمايدۇ. ھالبۇكى، مۇنداق چىن مۇھەببەت ھامان ئانا تەبىئەتكە، خەلققە
بولغان ئەڭ ئالىيجاناپ مۇھەببەت بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولىدۇ. «ساراڭ پەرى»
بىلەن دېھقان يىگىتنىڭ مۇھەببىتى، شۇنداقلا «مەن» نىڭ دوستىغا بولغان مۇھەببىتى
مانا شۇنداق مۇھەببەتتۇر. شۇڭلاشقىلا دېھقان يىگىت ئۆز مەشۇقىنىڭ بەختى ئۈچۈن
سۇ ئۈزۈشنى بىلمەي تۇرۇپ، قىيانلىق دەرياغا چۈشۈپ ھاياتىنىڭ خەۋپكە
ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ قىيادا يالغۇز قالغان كاككۇك گۈلىنى ئېلىش كويىدا
ئۆزىنى قاينامغا ئاتىدۇ ۋە ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ؛ يىگىت قازا قىلغاندىن كېيىن، «گۈزەل-
لىك ۋە جەزىبىدە تەڭداشسىز» گۈزەل قىزنىڭ ھەر قانداق كىشىنى مەھلىيا قىلىۋالىدى-
غان گۈزەل رۇخسارى سولاشقان كاككۇك گۈلىدەك سارغىيىدۇ، ئۇ ھەر قانداق ئازابنى
تارتىشقا تەييارلىق قىلىپ، بۇ دۇنيادىن تېزرەك كېتىپ، مەرھۇم ئاشىقىغا جۈپ بولىدى-
غان ھالەتكە كېلىدۇ، ئوروقلاپ جانسىز قارانچۇقتەك بولۇپ قالىدۇ، ئاشىقىنىڭ قەبرى-
سىنى قۇچاقلاپ، كېچە - كۈندۈز ياش تۆكىدۇ؛ «مەن» بولسا «پۈتۈن ئۆمۈرۈك بىر يې-
گىتنىڭ قىممەتلىك ھاياتى بىلەن ئوينىشىپ، ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئالۋاستىنى قەب-
رە ئالدىدا بوغۇپ ئۆلتۈرگۈدەك» غەزەپكە كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما، بۇ «دوستۇم ھا-

يات ۋاقتىدا سۆيگەن مەشۇق، بەلكىم دوستۇمنىڭ روھناتى ئۇنى ھېلىمۇ ياخشى كۆرۈدىغاندۇر...» دەپ ئويلاپ ئاچچىقىغا ھاي بېرىدۇ. مانا بۇلار نېمىدىن؟ مانا بۇلار ئانا-تەبىئەتكە، گۈزەللىككە، چىن ئىنسانغا بولغان سەممىي مۇھەببىتىنىڭ قۇدرىتىدىن. بۇلار بىر-بىرىگە خۇددى خېمىردەك يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن: قىز ئانا تەبىئەت بەخش ئەتكەن گۈزەللىككە ئامراق؛ يىگىت بولسا ئادۇ گۈزەللىككە مەپتۇن قىزغا مەھلىيا؛ «مەن» بولسا ئۆز دوستى ۋە ئۇنىڭ مەشۇقىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەلۋەتتە بۇلار قىز-يىگىت ۋە ئىككى دوست ئوتتۇرىسىدىكى يەككە مۇھەببەت ئەمەس.

ھېكايىنىڭ تىلغا ئېلىنىشقا بولىدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، پېرسوناژلارنىڭ روھىي قىياپىتى روشەن ۋە مۇۋاپىق تەسۋىرلەنگەن.

ھېكايىدا دېھقان يىگىتنىڭ قىزدىن ياخشى جاۋاب ئېلىپ دوستىنى يوقلاپ كەلگەندىكى ھالىتى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: ئۇنىڭ چىرايى «بىر نەچچە كۈندىن بېرى كۆرۈشكە ئېنتىزار بولۇۋاتقان قۇياشتەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى، چوپچوڭ كۆزلىرى يۇلتۇزدەك نۇرلىنىپ تۇراتتى.» مانا بۇ ئۇزۇندىن بۇيان مۇھەببەت ئوتىدا كۆيگەن، مەشۇقىنىڭ پىراقىدا پۇچۇلانغان، ئاخىرى مەشۇقىنىڭ ياخشى جاۋابىغا ئېرىشكەن يىگىتتە بولىدىغان روھىي ھالەت. «مەن» ئۇنىڭ خۇشال بولۇشتىكى سەۋەبىنى سورىغاندا، يىگىت ئارسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالىدۇ. «قارامتۇل چىرايىدا قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئۆزى چەكسىز ئارزۇلايدىغان ئالىيجاناب مۇھەببەتكە باشقىلارنىڭ يەڭگىللىك بىلەن بىھۆرمەتلىك قىلىپ قويۇشىدىن قورقۇپ ئۇنى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان يىگىتلەردە بولىدىغان سىرلىق ھالەت ئىپادىلەنەندى.» بۇمۇ ھەق-راست. ئادەم ئۆزى ئارزۇلىغان تۇنجى مۇھەببەتتە، مەشۇقىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەندە، ئۇنى باشقىلاردىن يوشۇرغۇسى كېلىدۇ، باشقىلار بىلىپ قالسا ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغاندەك، مەشۇقىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك ئەندىشىدە بولىدۇ. لېكىن يىگىت يېنىدىكى ئادەمنىڭ ئۆز دوستى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، سىرنى ئۇنىڭغا ئاشكارىلايدۇ: «— ئۇ... ئۇ... — دېدى دوستۇم يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان سۆزلەر بوغۇزىدا توسۇلۇپ قالغاندەك ھودۇقۇش ۋە ھاياجان ئىچىدە دۇدۇقلاپ قېلىپ،— ماقۇل بولدى، ئۇ ماڭا ماقۇل دېدى... بىز ئەتە چۈشتە دەريا بويىدا ئۇچرىشىدىغان بولدۇق. ئەتە چۈشتە... — دوستۇم شۇ سۆزلەرنى دەپ بولۇپ ئۇياتچان قىزلاردەك ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى.»

روھىي ھالەتنىڭ مۇنداق روشەن تەسۋىرلىنىشى پېرسوناژنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى يورۇتۇشقا، ۋەقەلىكنىڭ چىنلىق تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ كىتابخاننى جەلپ قىلىشقا پايدىلىق.

بۇنىڭدىن باشقا، ئەسەردە تەبىئەت تەسۋىرىمۇ پېرسوناژنىڭ روھىي ھالىتىگە ماس ھالدا تەسۋىرلەنگەن. «مەن» دوستى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ياتاقتا يالغۇز ئولتۇرۇپ دوستىنى ئەسلەيدۇ: «ۋاقىت تولىمۇ ئاستا ئۆتمەكتە، كۆڭلۈم كەچكۈزنىڭ ھاۋاسىدەك تۇتۇق، ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن قارا بۇلۇتلاردەك تۇراقسىز ھالدا ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇدلۇقۇمنى بارا-بارا ئەزمەيۋاتقاندەك غەلىتە تۇيغۇ ئىچىدە ئورۇندۇققا چۆكۈپ ئولتۇرماقتىمەن... كېسەلدەك سۆرۈلۈپ بېرىپ دېرىزىنى ئاچتىم. سىرتتا يامغۇر ئاندا-ساندا تامچىلاپ تۇراتتى. تۇمان تارقاپ ھاۋا خېلى ئېچىلىپ قالغان، يامغۇردىن كېيىن ئىزلەپ چىققان بىر نەچچە قۇشقاچ يول بويىدىكى دوڭغاق، دۆگدىيىپ قالغان قېرى

(ئاخىرى 24- بەتتە)

# ئۇزۇن - قىسقا مىسرالار

ئابدۇللا سۇلايمان

## ئاخشاملىرى

سۈرىمەن چوڭقۇر خىيال، كۆككە بېقىپ ئاخشاملىرى،
ئاي بىلەن، يۇلتۇز بىلەن تەڭلا ئېقىپ ئاخشاملىرى.

گاھ يېنىپ، گاھى ئۆچۈپ، ئۇچقاندا يۇلتۇز ئوق كەبى،
ئىزنى قوغلايمەن خىيالدىن ئىز بېسىپ ئاخشاملىرى.

يېيىلىپ كەڭلىك، سۈزۈكلۈك دىلدا ئىلھام قوزغىسا،
تۈزىمەن ئەشئار، ئۇنى كۆيگە قېتىپ ئاخشاملىرى.

ساقىغان يۇلتۇز ئىزىدىن ياسىلىپ ئۇندەش، سوراق،
دەر: بۇدەمگە قاي سۈپەت كەلدىڭ يېتىپ، ئاخشاملىرى؟

ئويلىسام راست، كەچمىشىمدە يوقكەن تىرەنرەك بىر قەدەم،
پۈرسىتىمنى كەپتىمەن خەجلەپ - سېتىپ ئاخشاملىرى.

قاپتۇ پەقەتلا مېنىڭدە ئەسلىمە، تاتلىق خىيال،
تارتىمەن ئۇھ بەزىدە، تەسكىن تېپىپ ئاخشاملىرى.

چاقنىسامدىم بىرلا رەت، بولغاندىكىن بىر ئەر ئۆزۈم،
رازىدىم، ئۆچمەمۇ يەرگە باغرىم - يېقىپ، ئاخشاملىرى.

## ئىككى ناخشا

1

كۆكتە يۇلتۇز بەكمۇ تولا،
تىلدىكى سۆز بىلەن ئوخشاش.
بىرلا سۆز بار، كۈندەك چاقنار،
مېھرى دىلدا گويا ئوتقاش.
شۇ سۆز بىلەن غەملەر تارقاپ،
كۈلكە قاپلار چىرايلارنى.

شۇ سۆز بىلەن ئۆتكۈزگۈلۈك،
زەپ مەنىلىك كۈن - ئايلارنى.
«رەھمەت» دېگەن بۇ بىر سۆزنىڭ،
تەڭدىشى يوق كەڭ ئالەمدە.
تۇيۇلىدۇ ھايات گۈزەل،
ئۇ بولسىلا ھەر ئادەمدە.
نۇرلۇق يۈزلەر، كۈلگەن كۆزلەر،
ئۈز ئادەمدە گۈزەل سۆزلەر.

2

باقسام گۈزەل تۇپراققا،
قەلبىم ئوخشاپ بولاققا.
ياڭراپ ناخشام يىراققا،
كۈلكە قالدى لېۋىمدە.
بۈيۈك تاغلار قامىتىم،
يېشىل باغلار ئامىتىم.
ياشلىق پۇرسەت - سائىتىم،
كۈلكە قالدى لېۋىمدە.
پەخرىم - يۇرتۇم تارىمدۇر،
خەلقىم - ئۆمرۈم - بارىمدۇر.
ۋاپا قىزى يارىمدۇر،
كۈلكە قالدى لېۋىمدە.
مۇھەببەت بار كۈيىمدە،
كۈلكە قالدى لېۋىمدە.

## ناخشا ئۇزۇق بۇ ئۆمۈرگە - ھاياتقا

قايرىلغاندا ئېغىر پەردە بىر - بىرلەپ،
كەڭ سەھنىدە پەيدا بولدى ناخشىچى.
سالامىدىن ئۇنىڭ مىڭلاپ كىشىگە،
دېڭىز كەبى تەۋرەپ كەتتى زال ئىچى.
ئۇ باشلىدى ناخشا، سەھەر شامىلى—
يېشىللىقنى ئىللىق يەلپۈپ ئۆتكەندەك.
ئۇ باشلىدى ناخشا، دەريا شاۋقۇنى —
تارام - تارام ئېرىقلارغا كۆچكەندەك.
مۇزىكىنىڭ رىتىمىغا ئەگىشىپ،
ياپراق كەبى تىترەپ كەتتى تەنلىرى.
ئاقتى ۋۇجۇد مەست بىھوشلۇق ئىلكىدە،
گويا تالدەك ئېگىلدى ھەم بەللىرى.
ئۇنىڭ لەرزان ناخشىسىدا كۈيلەندى،
ئىنسانىلىقى، ئەرك - بەختى، كۈلكىسى.
كۈيلەندى غەم - قايغۇلىرى، ئارمانى،
كۈيلەندى بۇ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆلكىسى.
ئۇ نامايەن قىلدى يارقىن كۈيىدە،
مەسۇم - سەبىي بالىلىقنى، پاكلىقنى.
ئادەملەرگە تىلەپ بەخت، ياخشىلىق،
بىر ئالەمگە تەڭ قىلدى گۈل ياشلىقنى.
ئېقىپ لەرزان مۇزىكىنىڭ مەۋجىدە،
سەيلە قىلدى تاغۇ، دالا-تۈزلەرنى.
سەيلە قىلدى قەلبىدەك ئاق قارلارنى،
سەيلە قىلدى باھار، سېخىي گۈزەلنى.
سۈكۈناتلىق ئىلكىدە بار قەلبلەر،
ئۇ ناخشىنىڭ ئىشقى بىلەن پەيۋەندە.
ئوخشىدى بۇ ھالەت تۈمەن گۈل مەسخۇش،
بىرلا بۇلبۇل ئۇرغىنىغا شوخ خەندە.
توختىدى ئۇ كۈيدىن شۇندا ئاستىلاپ،
توختىغاندەك تاغ سۇلىرى ئېتىزدا.
ئۇ يەلكەنلىك كېمە ئىدى سەھنىدە،
توختىدى گۈل قىرغاقلىق كەڭ دېڭىزدا.
چاڭ كەلتۈردى زالنى ئالقىش-چاۋاكلار،
بىجا قىلدى قايتا-قايتا تازىم ئۇ.
تاماشىبىن ئىدى ئادىل باھاچى،
بولدى شۇ تاپ ئۇلارغا چىن نازىم ئۇ.
ئايلىنىپ ئۇ پەرىشتىگە نۇر يەڭلىغ،
ئۆچتى رەڭلىك چىراغلىق كەڭ سەھنىدىن.
ئۇنىڭ كۈيى بولۇپ سۆيگۈ نۇسخىسى،
جاي ئالدى روھ-جىسمى ساقلار قەلبىدىن.

* *

كۈي ھۆرمىتى، ناخشىچىنىڭ ھۆرمىتى،
ناخشا ئۇزۇق بۇ ئۆمۈرگە ھاياتقا.
ناخشا ئۆلمەس، ئۇ مۇھەببەت، ئۇ رىشتە،
ئۇ يەتكۈزەر ئارزۇلارنى ئاباتقا.

## ئېيتىلىپ بىلىش ئۈچۈن ھەممە سىرنى

(مەرھۇم دوستۇم ئابدۇغېنى ئابدۇراخماننىڭ خاتىرىسىگە)

كاج قىسمەت ساڭا ئەجەب كورلۇق قىلدى،
ئارماندا كەتتىڭ دوستۇم بۇ جاھاندىن.
قاتىلمۇ ياكى بىرەر تەسادىپمۇ،
كېچىشكە مەجبۇرلىغان سېنى جاندىن؟
ھېلىھەم گۇماندىمەن ئۆلۈمىڭگە،
دۈشمەننىڭ زامىنى بولغان ياش جېنىڭغا.

ئېيتقىكى ئەلەم بولغان ئۇلار ئۈچۈن،
يۈرگىنىڭ پاتماي يايراپ ئۆز تېنىڭغا.
ئادەمدەك ياشاپ ئۆتمەك شۇنچە ئوتلۇق،
ئېيتمىلىپ بىلىش ئۈچۈن ھەممە سىرنى.
ئەل بېرىپ دىپلوم، ئالىم بولغانىدىڭ،
تۇتقاچقا ئۇستاز ھۆرمەت ئاتلىق پىرنى.
سىرتىغا ھەل يالاتقان «بىلەمدان» لار،
تىترىشىپ ئۇدۇۋقلايتتى سېنى كۆرسە.
قەھرىڭ بار ئىدى قاتتىق قەھرىلىككە،
كۈلەتتىڭ قاچانكى ئەل قىينىپ كۈلسە.
چىرىيىنىڭ شۇ بىپايان تۇپرىقىدا،
يوق ئىدى ئاياغ ئىزىڭ چۈشمىگەن جاي.
ئۇندىكى بوۋاققىمۇ نامىڭ تونۇش،
سىردىشىڭ ئىدى جاڭگال ھەتتاكى ساي.
ھۆرمىتىڭ بولغىنىدەك تېرىكلىكتە،
كەتكەندە قىممەت ـ قەدرىڭ ئاشتى يەنە.
قەبرەڭگە دۇئا قىلىپ، گۈل قويۇپ ئەل،
بۇ يىلمۇ ئەسلەپ ھازا ئاچتى يەنە.
كەڭ يۇرتنى كېزىپ يۈرەر روھىڭ داۋام،
چاچقىن گۈل چاچقۇ قىلىپ ئارمىنىڭنى.
چىقمايسەن چىرىيىڭنىڭ ئەس ـ يادىدىن،
ئىجادچان، ئىشچان، پەملىك ئابدىغېنى.

## بولمايدۇ

دېسەم يارغا: ئىشىق ئوتىنى بىخەۋەر ياقسا بولمايدۇ،
دېدى: بەلكى بېرىپ ئاندىن كۆيگەننى تاپسا بولمايدۇ.
دېسەم: تەسكەن بۇ سۆيگۈ ئايىتى، زېھنىمگە چۈشمەس ھېچ،
دېدى: ۋىجدانغا شەيتان ۋەسۋەسىسى قاتسا بولمايدۇ.
دېسەم: پىنھان ئىدىمەن، ئالغۇم مۇھەببەت ئولجىسى جەزمەن،
دېدى: ئوۋچى تەۋەككۈلگە قۇرۇلسىز ئاتسا بولمايدۇ.
دېسەم: بولدى تېنىم ساندۇق، يېشىم دەرياسىدا ئاقتىم،
دېدى: چىن كۆيگۈچى مىننەت، تەمەدە ئاقسا بولمايدۇ.
دېسەم: روھىي گادايمەن، دەشتى ھىجراندا تېنەپ يۈرگەن،
دېدى: مەنزىل ئۇزۇن، ئۆتەڭدە ئۇخلاپ ياتسا بولمايدۇ.
دېسەم: بۇ تەندە بىر دوزاخ ئوتى كۆپمەكتە ئاھىمدىن،
دېدى: شۇنداق، ئۇنىڭغا مۇز سۈيىنى چاچسا بولمايدۇ.
دېسەم: ئۆز دەردىدىن دادلايدۇ ھەم تەگرىگە ئابدۇللا،
دېدى يار: گۇناھ، ئىنسانىنى ئىنسانغا چاقسا بولمايدۇ.

## ئۆزۈڭگىلا تاشلاپ قويدۇم

يېگەنتىڭ ئەل ھەققىنى بۇلاپ ـ تالاپ،
ئىشلىتىپ قاتتىق ـ يۇمشاق چارە ـ تەدبىر.
تۆھمەتتىن ئەمدى چوڭ بىر دوكان قۇردۇڭ،
ئاتا باپ نىقاپلىنىپ، ئوقۇپ تەكبىر.
تىنچ ـ ئىناق دوست ـ يارانلار ئارىسىغا،
كۆرسىتىپ قىزىلگۈلنى، تىكەن چاچتىڭ.
يۇتىڭغا ھۆل خىش قويۇپ قانچىلارنىڭ،
ئارىدىن پايدا ئېلىپ يىراق قاچتىڭ.
تۈلكىگە تەلىم بەرمىش ئۇستا تىلىقلار،
مېنى كۆپ پاكىت بىلەن تەمىن ئەتتى.
سەن مىنىڭكەن كاززاپلىقىڭ يالقاۋ ئېتى،
خەتەرلىك يار بېشىغا يۈرۈپ كەتتى.
شۇ يولدىن ئاخىر سېنى قايتۇرماققا،
تارتقانىدىم، ئىرەجىپىڭ قامالاپ يەر.

مىسالى «جۇۋىلىقنى ئۇرغان ئىدىم»،
«دەز كەتتى ھەتتا جۇۋىسىزغا» قەدەر.
بۇ ھالدىن ئەسكە چۈشتى قىزىق بىر ئىش:
مۈشۈكنىڭ كېگىزگە چىڭ يېپىشقىنى.
تارتسا گەر ئۇنى، كېگىز بىللە چىقار،
بۆرىنىڭ كېگىز بىلەن چېتىشقىنى.
دولقۇنلار چەمبىرىكى تارايغاندەك،
ئۇ بۇنى تارتىپ تۆشۈك ئېتىلىدۇ.
بوينىنى قىسىپ ئۇخلار تاۋار مۈشۈك،
چاشقانلار ساڭدا ياپراپ يېتىلىدۇ.
پاكىتلىك، ھەقىقەتلىك بولسىمۇ گەر،
شۇ سەۋەب ئېگىلىگىنىچە تۇرۇۋېرەر.
تىلى بال، ئىچى زەھەر نىقابلىقنىڭ،
ھوشۇقى ئالچى چۈشۈپ يۈرۈۋېرەر.
شۇڭلاشقا ھەزەر ئەيلەپ سىنىڭدىن كۆپ،
پاكىتنى دىل قېتىمدا ساقلاپ قويدۇم.
بەلكى ئۇ مىنىڭ بىلەن بىللە كېتەر،
ئۆزۈمنى ئۆزۈمگىلا تاشلاپ قويدۇم.

## بىرى بولسا كەم...

ئەمەس سۈزۈك سۇ بۇلاقتىن چىققىنى،
قوشۇلغاندۇر ئاڭا قۇم ۋە لاتقىلار.
چاقناتقىنى كۆزنى پەقەت زەر ئەمەس،
پارقىراپلا چاچسا ئۇ نۇر - چاچقۇلار.
قىزىل بولغان ئۈچۈنلا ئۈز ئەمەس گۈل،
پۇراق چاچسا مۇكەممەلدۇر گۈزەللىك.
روھىيىتى — پۇراق، رەڭگى — شەكلىدۇر،
بىرى بولسا كەم، بولمايدۇ ئەۋزەللىك.

1990-، 1991-يىل، خوتەن

# قاناتلانغان ئۈچقۇر تىلەكلەر

ئابدۇقادىر مەتسىدىق

## يېشىللىق

كۆز چاقنىتىپ زۇمرەت لىباستەك،
يارىشىدۇ ئالەمگە خۇيمۇ.
جىلۋەك ئارا ئۆتەر كۆڭۈللۈك،
يېتىم ئوغۇل چىللىغان تويمۇ.

نۇر چايقىلار كۆكسۈڭدە لەرزان،
كۆڭۈللەرگە ھەل بېرىپ تۇتاش.
قۇت - بەختنى ۋەسلىڭدىن ئىزدەر،
پەرۋانىدەك ئەگىپ زەر قۇياش.

گۈزەللىككە شەيدا يۈرەكلەر،
خەندە قىلار بېقىپ چېھرىڭگە.
سەكراتتىمۇ باغ چۈشەر ئىنسان،
تەشنا بولۇپ سۆيگۈ - مېھرىڭگە.

## ياشلىق جىلۋىسى

ئاساۋ ئاتتەك تۇرالمايدۇ جىم،
قەلبىمدىكى ئۇندەش، سوراقلار.
قانلىرىمدا ئاقار چاچما كۆي،
چەكچەيسىمۇ مىسكىن تۇراقلار.
دەريالارنى چۈشەپ قالغاندەك،
تومۇرلىرىم سوقىدۇ كۆپۈپ.
قەدىمىمنىڭ شەپىسى ھەيۋەت،
شىر، يولۋاسمۇ قاچىدۇ چۆچۈپ،

يالقۇن چاچار ئۇتلۇق يۈرىكىم،
ئاشىق ـ مەشۇق تاپسۇن دەپ مۇرات.
تاڭ ئاتقىچە چاقناپ ئاي ـ يۇلتۇز،
زەڭگەر كۆكنى ئەيلەر گۈل ئاۋات.

قۇياش بىلەن چىقىپ دۇئىلغا،
نۇر ئەۋجىدە كۈلەر كائىنات،
زەررە نۇردا مىڭلاپ پوئېما،
قىزلار ئۇنى يادلاپ ئاۋارە.
جۇپ كۆزۈمدە ياشلىق چاقمىقى،
گۈل يۈزلەرنى قىلار پەرۋانە.

دولقۇنلارغا يېقىپ كۆكسۈمنى،
چايكىلارغا ئۆگەتتىم پەرۋاز.
چولپان بىلەن قۇچاقلىشارمەن،
ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ ئەنداز.

## بوۋاي

تېرىك قامۇس پۈتكۈل ۋۇجۇدۇڭ،
قىسمەتلەرگە مۇقەددەس شاھىت.
قىسسە كۆكلەر ھەر بىر تىنىقىڭ،
ئۆتكەن يىللار ـ ئۆتمۈشكە ئائىت.

تەمكىن سوققان قاتاڭ يۈرىكىڭ،
ھېكمەت تولغان ئاجايىپ دۇنيا.
خىزىر دېگەن ئەسلى نەق ئۆزۈڭ،
ئىلاھ سۈپەت ياشايسەن بۇندا.

بىر جۈپ كۆزۈڭ ئۆچەي دېگەن شام،
ياق، ئۇ تۇندە چاقنىغان ماياك.
يول كۆرسەتەر ئىزدىغانلارغا،
تۈز ماڭغاندىن ئىزدىمەي كاۋاك.

چېكەڭدىكى سانسىز قورۇقلار،
ماشىنىتا بىلىق سەپەر بەلگۈسى.
ئەندىز ئالار ئاپپاق چېچىڭدىن،
تاڭ ۋەسلىدەك پارلاق كەلگۈسى.

## تويدا

ئۇچقۇندايدۇ كۆزلەردە شادلىق،
زىنا قلاردا كۈلكە ـ تەبەسسۇم.
غىدىقلانغان يۈرەكلەردە كۈي،
ھەممە دىل مەست، ئىچمەي بىر يۇتۇم.

چۈش كۆرىدۇ يىگىت خىيالەن،
بولغاچ بۈگۈن بەخت ئەركىسى.
قىز قەلبىنى سىلار كۆيدۈرۈپ،
ئاتەش قوللۇق سۆيگۈ ئەلچىسى.

◁×▷

# باھار تەسۋىرى

## ئەركىن داۋۇت

چاچلىرىنى تارىدى دەرەخ،
لەرزەتلىنىپ ئىسسىق شامالدىن.
يەرنىڭ يۈزى بوشىدى ئاستا،
خالى بولدى توڭدىن، قامالدىن.

ھەر تەرەپكە يامراپ يېشىللىق،
ئاشتى قىردىن ئېگىز داۋاندىن.
يەتتى ياشتىن يەتمىش ياشقىچە،
قۇتۇلدى چوڭ قېلىن چاپاندىن.

چاچلىرىنى تارىدى دەرەخ،
لەرزەتلىنىپ ئىسسىق شامالدىن.
گۈزەللىنىپ كەتتى تەبىئەت،
ئېشىپ چۈشتى ساھىبجامالدىن.

# شېئىرلار

## ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر

### دەريا ۋە چۆل

ئەزىم دەريا سۇرلۈك دولقۇنلاپ،
توساقلارنى ئاقار يېمىرىپ.
يېشىللىقنى قاندۇرۇپ تولۇق،
دېڭىزلارغا قۇيۇلار بېرىپ.

قاقاس چۆللەر ياتار ماجالسىز،
بېقىپ دەريا يولىغا ھەردەم.
ئېغىزىدىن قۇم - بوران پۈركۈر،
تەشنالىقتا چېكىپ دەرد - ئەلەم.

قاقاس چۆلنىڭ خاراب ھالىنى،
دەريا ئالماس ئېسىگە پەقەت.
ئۇ ياڭرىتىپ شاۋقۇنلۇق سادا،
دېڭىز تامان ئاقماقتا ھەيۋەت.

ئېچىنىشلىق ئويلارغا پاتار،
قاقاس چۆللەر تەقدىرگە قاقشاپ.
كىممۇ دەريا باشلاپ ياشارتار،
ئاھ شۇ چۆلنىڭ بېشىنى سىلاپ؟

### جەڭچى

ياتار شېرىن ئۇيقۇدا مەستخۇش،
ئاق ئايدىڭغا بۆلەنگەن كېچە.
توختىغاندەك جاھان تىنىقى،
ئاڭلانمايدۇ غەيرىي بىر شەپە.

كۈلۈپ باقار كۆكتە يۇلتۇزلار،
تىنچ ئاقار ئېرىقلاردا سۇ.

جان شېرىنلىك قوينىدا ئۇخلار،
پاھ، جىملىقتا ئەسىر دۇنيا بۇ.

شۇ جىملىقنى يۇتتۇرمەي پەقەت،
تىنماي سوقار بىر ئوتلۇق يۈرەك.
ھاياتلىقنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن،
تۇرۇپ ئېگىز چوققىدا سەگەك...

### قىستاشمايلى بىر يولدا

كۆمۈش يىپتەك سوزۇلغان يوللار،
تولىلىقتىن كەتكەن چىرمىشىپ،
بەزىسىدە يۈرسە دۇلدۇللار،
بەزى يوللار ياتار باش قىسىپ.

قىستاشمايلى پەقەت بىر يولدا،
بولسۇن ئالغا يۈرۈشتە نىشان،

تەڭ ھەيدىسەك تار يولدا ھارۋا،
ئىناقلىقنى باسىدۇ قىيان.

پۇتلاشلاردىن بولمايمىز خالى،
بىر يولغىلا كىرسەك ھەممىمىز.
كال سىقىشلار يۈز بېرەر تېخى،
دەسسىشلەردە قالسا پۇتىمىز،

# سالام، خوتەن

## ئوشۇر مامبەت (قىرغىز)

سالام خوتەن، قىزىل دەريا ۋادىسىدىن،
سالام خوتەن، ماناس باتۇر ۋارىسىدىن.
سالام ساڭا، ئەي قەدىمكى ئېزىز دىيار،
سالام ساڭا، يۈرەك باغرىم تارىسىدىن.

قۇياش كۈلدى، سەن قۇياشقا باقتىڭ خوتەن،
مۇھەببىتىڭ دەريا كەبى ئاقتىڭ خوتەن.
ھەممە مىللەت ئىجىل-ئىناق، قېرىنداشتۇر.
دوستلۇق كۈيى مەشئىلىنى ياقتىڭ خوتەن.

باغلىرىڭغا كىرىپ ھەيران بولدۇم خوتەن،
تاللىرىڭغا بولۇپ بۇلبۇل قوندۇم خوتەن.
غەيرىتىڭنى - ئىرادەڭنى كۆرۈپ بۈگۈن،
يۈكسىلىشىڭ ئىلھامىغا تولدۇم خوتەن.

جەسۇر، پالۋان، ئەمگەك سۆيەر خەلقىڭ خوتەن،
نەتىجەڭدە چاقناپ تۇرار ئەقلىڭ خوتەن.
خىيال سۈرۈپ نەزەر سالسام كەلگۈسىڭگە،
قاشتېشىدەك چاقناپ تۇرار بەختىڭ خوتەن.

سالام ساڭا، ئەي چىمەنزار بوستان خوتەن،
سالام ساڭا، خۇشاللىقى فونتان خوتەن.
سالام ساڭا سالامىمنى قوبۇل قىلغىن،
بارچە مىللەت تىللىرىدا داستان خوتەن!

1991-يىل ئۆكتەبىر، خوتەن

# بۇ دۇنيا

## ئەركىن خوجايېۋ

بۇ دۇنيا،
شۇنداق دۇنيا،
تېرىغاننى ئالىدىغان.
كۆل تېرىغان—
سۇلتان بولۇپ،
تىكەن تېرىغان،
مەڭگۈلۈك،
نادامەتكە،
ھەمراھ بولۇپ قالىدىغان.

# ئىككى شېئىر

## ئەخمەتجان تۇرۇپ

### دادامغا ئىلتىجا

(بىر ئۆسمۈرنىڭ تىلىدىن)

جېنىم دادا، قەن دادا،
بىر كېچىم بار ئاڭلاپ قال.
ئاچچىق تۇشتى قەلبىمگە،
«دەردلىرىم» گە قۇلاق سال.
تەڭ كېچىدە ئويغىنىپ،
ئورنۇڭدىن دەس تۇر دەيسەن.
تەرەت ئېلىپ مەن بىلەن،
مەسچىتكە تېز ماڭ دەيسەن.

قايتىپ كەلسەم مەكتەپتىن،
« ساۋاق » بېرىپ ھارمايسەن.
تاپشۇرۇقنى ئىشلەشكە،
ئەسلا ۋاقىت بەرمەيسەن.

« ئەلاچى » دەپ نامىم بار،
ئىدى مېنىڭ مەكتەپتە.

مانا ئەمدى « ناچار » دەپ،
تەنقىدلەندىم بۇ ھەپتە.

دەرسلەرنى تەكرارلاي،
ۋاقىت بەرگىن ماڭىمۇ.
« ئەلاچى » دەپ ئاتالسام،
خۇشاللىقتۇر ساڭىمۇ.

## يۇلتۇز ۋە مەن

كېچە بولسا ئۇخلىماي،
يۇلتۇزلارغا قارايمەن.

ياخشى ئوقۇپ مەكتەپتە،
يۇلتۇزلاردەك يانايمەن.

⋙⋙⋙◁ × ▷⋘⋘⋘

# ئىككى شېئىر

## ئابدۇۋېلى قۇربان

### قوغۇندىن ئاۋاز

مەن باراتتىم ئېتىزغا،
ھەۋەس قىلىپ زوقلىنىپ.
سادا كەلدى قوغۇندىن،
قۇلاق سالدىم روھلىنىپ:

« ئەسلى شۇنداق تاتلىقتىم،
كەتكەن ئۈزۈن تاشلىنىپ.
بۈگۈن قايتا ياشىنىدىم،
يېڭى ئەمگەك باشلىنىپ.

دېھقان ئاكام ئەجرىدىن،
ماڭا ھايات ـ جان بەردى.

باقتى كەتمەي يېنىمدىن،
پەرۋىشلىدى ـ قان بەردى.

ئوغۇتلىدى، سۇ بەردى،
تەشنالىقىم قانغۇدەك.
ئەمدى ھوسۇل بېرىمەن،
ئالەم ھەيران قالغۇدەك.»

ئاۋازىدىن قوغۇنىنىڭ،
قەلبىم كۈلدى ـ سۆيۈندى.
كېلەر يىللىقى مول ھوسۇل،
ماڭا تاغدەك كۆرۈندى.

### باغۇنىم

كۆزلىرىڭدە ئىستىقبال نۇرى چاقنىغان،
قەلبىڭ گويا پۈتمەس بۇلاق باغۇنىم.
ناداﻧﻠىقنى يۇيۇپ تۆككەن تەرلىرىڭ،
ھاياتلىققا نۇرلۇق چىراغ باغۇنىم.

كۆچەتلەرنى پەرۋىش قىلىپ ھارمايسەن،
پەن ئىشقىدا دىلىڭ ئويغاق باغۇنىم.
يۇرتىمىزنى مەشئەل قىلىپ يانىسەن،
قوغلاشمايسەن نامۇ ئاتاق باغۇنىم.

ۋۇجۇدۇڭغا يەتكەن چەكسىز ھارغىنلىق،
چاچلىرىڭدا ۋاقىتسىز ئاق باغۇنىم.
ئۇنتۇتقانسەن بارلىقىڭنى پۈتۈنلەي،
يەنە شۇنچە جۇشقۇن، قايناق باغۇنىم.

ئەجرىڭ بىلەن يېتىلدىم مەن ئىز بېسىپ،
ئۆبرازىڭدۇر ئەلگە بايراق باغۇنىم.
مېۋە بەرسە كۆچەتلىرىڭ پەخرىڭ شۇ،
ئەۋلادلارغا ئاچقىن قۇچاق باغۇنىم.

# ۋاپاسىز ئامەت

**دولقۇنجان جاپپار**

چۈشۈمدە،
ۋىناسنى ئەمرىمگە ئېلىپ
تەڭرى ئوردىسىدا
قىلغۇدەكمەن كاتتا توي.
لېرۇس مەندىن
شېئىر توغرىسىدا تەلىم ئالغۇدەك.
زىنىد قىزى
تالاشقۇدەك گۈزەللىكىمنى،
يىغلامسىراپ ئۇ
ئەزرائىلغا قىلغۇدەك ئەرز.
قاچقۇدەكمەن
كاراپ بولۇپ تىنىچ ئوكيانىدا.
مەن چاچراتقان ئۈنچىلەر
يۇلتۇز بولۇپ ئۇچقۇدەك كۆككە
ئۇھلىرىم
راكېتاغا مىنگەشكۈدەك
قۇياش لېۋىنى كۆزلەپ…

## ئۇقتۇرۇش

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسىنىڭ 31 - نومۇرلۇق بۇيرۇقىغا ئاساسەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى» 1991 - يىلى 6- ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلدى. ئەسەر ھوقۇقى قانۇنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش، ئاپتورلار بىلەن بولغان ئۆز ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاپتورلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تەھرىر بۆلۈمىمىز تۆۋەندىكىلەرنى ئۇقتۇرىدۇ:

1. تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەرگە ئاپتور «ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ» دەپ ئىزاھات بەرمىگەنلا بولسا، تەھرىر بۆلۈمىمىز كېلىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ سۈپەت ئەھۋالىغا ئاساسەن «ئاپتور ئۆزگەرتىشكە ھوقۇق بەرگەن» دەپ قاراپ ئىش كۆرىدۇ.

2. ژۇرنىلىمىز قوش ئايلىق ژۇرنال بولغاچقا، ئاپتور ئەسەرنى ئالتە ئاي ئىچىدە ژۇرنىلىمىز يۈزىدە كۆرمىسە باشقا ژۇرناللارغا ئەۋەتسە بولىدۇ. ئەگەر شۇ ۋاقىت ئىچىدە باشقا ئورۇنلارغا ئەۋەتمەكچى بولسا ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك.

3. تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر ئىشلىتىلمىگەن تەقدىردىمۇ ئىقتىساد ۋە ئادەم كۈچى يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا، ئاپتور ئۆزىدە چوقۇم ئارگىنال نۇسخىسىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك.

4. بىر ئارگىنال قەغىزىگە ئىككى ستونلۇق قىلىپ يېزىلغان شېئىرلار، قۇر ئارىلىقى تار ئىش قەغىزىگە قىستاپ يېزىلغان ئەسەرلەر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئەسەر قوبۇل قىلىش تەلىپىگە ئۇيغۇن ئەمەس دەپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئاپتورلارنىڭ يۇقىرىقى ئۇقتۇرۇشنىڭ روھىي بويىچە ئىش كۆرۈپ بۆلۈمىمىزنىڭ خىزمىتىگە يېقىندىن ماسلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

# ھېكمەتلىك ھېكايىلەر

## 1 . ئاچ كۆزلۈك

بىر بالا كوچىدا يىغلاپ ئولتۇرۇپ ئىدى، يولۇچىلاردىن بىرى: — ئى ئوغلۇم نېمىگە يىغلايسەن، — دېدى. بالا: بىر تىيىن ئاقچام بار ئىدى، يوقىتىپ قويدۇم، شۇنىڭغا يىغلايمەن، — دېدى. ئۇل كىشى، ئۇل بالىغا رەھمى كېلىپ يېنىدىن ئىككى تىيىن ئاقچا ئېلىپ بەردى. ئۇل بالا ئىككى تىيىن ئاقچىنى ئېلىپ ئاۋۋالقىدىنمۇ بەكرەك يىغلاشقا باشلىدى. ئۇل كىشى: — ئى ئوغلۇم ئەمدى نېمىگە يىغلايسەن دېدى. ئۇل بالا: ئى جان ئاتا ئەگەر ئۆز ئاقچام يوقالمىغان بولسا ئىدى، ھازىر ئاقچام ئۈچ بولۇر ئىدى، — دەپ جاۋاب بەردى.

### نەزمە

كۆزلۈك ئاچ بولمىسۇن، ئوغلۇم كۆزلۈك ئاچ،
قانائەتسىز كىشىدىن قۇشى بولۇپ قاچ.
قانائەت كانىغە تاشلاپ ئۆزۈڭنى،
قانائەت زەررىدىن باشىڭغە كۆپ ساچ.

## 2 . بىر ئادەم بىلەن ئۆلۈم

بىر ئادەم بىر ئارقان ئوتۇن كۆتۈرۈپ كېلۇر ئىكەن، يولدا ئوتۇنى ئېغىرلىق قىلىپ چارچاپ كەمبەغەللىكىدىن شىكايەت قىلىپ، بۇ كەمبەغەللىكىدىن ئۆلگەن ياخشى دەپ، ئى ئۆلۈم! قايدا سەن! دەپ ئۆلۈمنى چاقىردى، شۇل ئاندا ئۆلۈم كېلىپ: ئى بۇرادەر لەببەيك نېمىگە چاقىردىڭىز، دېدى.

ئۇل كەمبەغەل بىچارىنىڭ چارچىغىنى ھەم كەمبەغەللىكى ئېسىدىن چىقىپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوتۇنىنىڭ ئارقانىنى ئۇشلاپ: ئى ئاكا! ئوتۇنۇمنى ئارقامغا كۆتەرتۈرۈپ قويۇڭ دەپ چاقىرغانىدىم، دېدى.

### نەزمە

بىۋاپا دۇنيانى كۆردۈم، ھېچ كىشى ئۆزمەس ئۈمىد،
جەۋر - زۇلمى ئارتسا تارتار، ھېچ كىشى ئۆزمەس ئۈمىد.
تا ھاياتى بارچە ھېچ كۆرمىسە راھەت يۈزىن،
راھەت ئىزدەپ - راھەت ئىزدەپ، ھېچ كىشى ئۆزمەس ئۈمىد.

## 3 . پاشا بىلەن ھۆكۈز

بىر كۈنى بىر پاشا بىر ھۆكۈزنىڭ مۈڭگۈزىگە قونۇپ ئولتۇرۇپ ئۇ ھۆكۈزگە: ئەگەر مېنىڭ ئولتۇرغىنىم سىزگە ئېغىرلىق قىلغان بولسا خەۋەر بېرىڭ، مەن ئۇچۇپ كېتۈرمەن دېدى. ئۇ ھۆكۈز: سېنىڭ كېلىپ ئولتۇرغىنىڭنى بىلگىنىم يوق ئىدى، شۇنىڭغا ئوخشاش كەتكەنلىكىڭنى ھەم بىلمەسمەن دېدى. مەنىسى: بەزى ئادەم باركى ئۆزىنى كاتتا، ئېتىبارلىق ئادەم چاغلار، ھالبۇكى كىشىلەرنىڭ ئېتىبارىدە بولماس.

### نەزمە

كىشىدە بولسا مەنمەنلىك ئۆزىنى خار - زار ئەيلەر،
كېتىپ قەدرى ھايا ياتىن ئۆتمەكنى خار - زار ئەيلەر.
ئۆزۈڭگە باقما جانىم، ئۆزگىنىڭ ھالىغا كۆز سالغىل،
كۆرۈپ مەقبۇل ئىشىنى ئاندىن ئىبرەت ئۆزۈڭگە ئالغىل.

## 4. بىر قوي بىلەن يولۋاس خاتۇنى

بىر قوي بىر نەچچە باللىرى بىلەن بىر يايلاقتا يۈرەر ئىدى، بىر يولۋاس خاتۇنى كېلىپ، قوينىڭ باللىرىنى كۆرۈپ ياخشى سۆزلەر بىلەن سۆيۈپ سۆزلىدى، ئۇ قوي، ئۇ يولۋاسقا: مەن شۇنچە كىچىكلىكىم بىلەن بىر يىل ئىچىدە نەچچە بالا تۇغۇرمەن، سەن شۇنچە كاتتا بولساڭ ھەم ئۆمرۈڭدە بىر ياكى ئىككى بالا تۇغۇرسەن دەپ تەنە قىلدى.

يولۋاس خاتۇنى: مەن ئۆمرۈمدە بىر ياكى ئىككى بالا تۇغسام ھەم يولۋاس بولۇر، سېنىڭ بالاڭدەك ھېچنەرسىگە يارىمايدۇرغان بولماس، دېدى.

مەنىسى: ئەقىللىق، بىلىملىك بىرگىنە بالا- بىلىمسىز، ئەقىلسىزنىڭ باللىرىدىن ياخشىدۇر.

### نەزمە

ھاياتىڭ بارىچە ئىلمىي ئوقۇ! ئوقۇش كانىدۇر مەكتەپ،
ۋۇجۇدۇڭ نۇر - گۆھەر ئەتكىن، گۆھەر كانىدۇر مەكتەپ.
تەۋەززۇ بىرلە ئىلمىڭ بولسا ياخشى سەن ئاتا ئوغلان،
مائارىپسىز مىڭ ئوغلاندىن، ئوقۇ نۇر كانىدۇر مەكتەپ.

(ھېجىرىيە 1331 - يىلى تاشكەنتتە نەشىر قىلىنغان «سانى تەلىم» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى).

تەييارلىغۇچى: ئابدۇلھېكىم مەخسۇم



« قىراۋ »

( راخمان ئوبۇل فوتوسى )



«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرلىرى
لۇتپۇللا مۇتەللىپ مەقبەرىسىنى يوقلىدى.

## 新 玉 文 艺 يېڭى قاشتېشى


1991年第六期 （双月刊）
编辑：《新玉文艺》编辑部
出版：和田行署文化处
喀什日报社印刷厂印
发行：和田地区邮电局
订阅：全国各地邮电局
印张：787×1092·1/16·6·25张
国内外统一刊号：
ISSN 1002－929X
CN 65－1088/1

1991 - يىل 6 - سان (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)
تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
نەشر قىلغۇچى: خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
فورماتى: 787 × 1092 مم، 1/16 6.25 تاۋاق
مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى:
ISSN 1002 — 929X
CN 65 — 1088/1

代　号：58—26
定　价：0.50元
电　话：23792

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58-26
باھاسى: 0.50 يۈەن
تېلېفون نومۇرى: 23792